# ئىزدىنىش

(تاللانما)

3

1994

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىزدىنىش

(تاللانما) 1994-يىل 3-سان

(ئومۇمىي 69-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەزەرىيىۋى ژۇرنىلى «ئىزدىنىش»نىڭ 1994-يىللىق 2-ۋە3-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

مۇندەرىجە

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز**
(1993-يىل 11-ئاينىڭ 14-كۈنى) .............................. جياڭ زېمىن (2)
**سىياسىي قانۇن خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە مۇقىملىقنى ساقلاش ئىشلىرىغا كاپالەتلىك قىلايلى** .............................. رېن جيەنشىن(15)
**لېنىن ئىنسانىيەت تارىخىدا يېڭى دەۋر ئاچتى**
——لېنىن ۋاپاتىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن .......... يەن جىمىن(26)
**.ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشكە دائىر مۇھاكىمە.**
**باج ئايرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش نۆۋەتتىكى مالىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى** .............................. شياڭ خۇەيچېڭ(37)

**☆3-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشىردىن چىقتى☆**

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا بېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋەكالىتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

(1993-يىل 11-ئاينىڭ 14-كۈنى)

**جياڭ زېمىن**

يولداشلار:

14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى بۈگۈن ئاياغلىشىدۇ. بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلدى، شۇنداقلا تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە يىغىن بولدى. يىغىندا ماقۇللانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى»دا، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىغا ئاساسەن، 14-قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى ۋە ئاساسىي پرىنسىپلىرى يەنىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇلۇپ ۋە بەزى جەھەتلەردە يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇلۇپ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئومۇمىي پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى. بۇ — 90-يىللاردا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشتىكى ھەرىكەت پروگراممىمىزدۇر. شۇنى ئالدىن مۆلچەرلەشكە بولىدۇكى، بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىن ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىدا ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا چوڭقۇر تەسىر قوزغايدۇ.

ئەمدى نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت، ئومۇمىي يىغىننىڭ «قارار»نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش شۇنىڭدەك پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئازراق سۆزلىمەكچىمەن.

## 1. نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت توغرىسىدا

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇلتۇر يىل بېشىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ۋە پارتىيە 14-قۇرۇلتىيى روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ھەرقايسى ساھەدىكى خىزمەتلەردە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى. خەلق ئىگىلىكى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، تۈرلۈك ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشلىرىمىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنى چۆرىدىگەن ھالدا يېڭى

تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، باشقا تۈرلۈك ئىشلاردىمۇ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلدى. ھازىر ئىلمىزدە ئىقتىساد تەرەققىي قىلىۋاتقان، سىياسىي مۇقىملىق ساقلانغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشقان، جەمئىيەت ئىلگىرىلەۋاتقان ئەھۋال بارلىققا كېلىپ، ئومۇمىي ۋەزىيەت ھەقىقەتەن ياخشى بولۇۋاتىدۇ.

خەلق ئىگىلىكى بۇلتۇرقى تېز سۈرئەتتە ئېشىش ئاساسىدا، بۇ يىل يەنىلا تېز سۈرئەتتە ئېشىش ۋەزىيىتىنى ساقلاپ قالدى. ئالدىنقى ئۈچ پەسىلدە مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتى بۇلتۇرقى شۇ مەزگىلدىكىدىن 13.3% ئاشتى، مۆلچەرلىنىشىچە، پۈتۈن يىلدىمۇ مۇشۇنداق يۇقىرى ئېشىش سۈرئىتى ساقلاپ قېلىنىدىغاندەك تۇرىدۇ. يېزا دەرىجىلىك ۋە يېزىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى 21% ئەتراپىدا ئاشۇرۇلدى. يـېزا ئىگىلىكىدىن بىرقەدەر ياحشى ھوسۇل ئېلىنىدۇ. ئىقتىسادنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشى داۋامىدا كېلىپ چىققان بەزى گەۋدىلىك زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن بىرقاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ھەل قىلىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ 6-ئايدىن باشلاپ، ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، پۇل مۇئامىلە تەرتىپى ۋە ئىقتىسادىي تەرتىپنى زور كۈچ بىلەن ئوڭشاش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىپ، بىرنەچچە ئايدىن بۇيان ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، ئىجابىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. پۇل مۇئامىلە ۋەزىيىتى مۇقىملىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۆي-زېمىن قۇرۇلۇشىغا بېرىلىپ كېتىش، تەرەققىيات رايونى قۇرۇلۇشىغا بېرىلىپ كېتىش ۋە مەبلەغ سېلىنمىسى تولىمۇ تېز ئېشىپ كېتىش ئەھۋالى توسۇلدى. دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى تېزلىتىلدى. مال باھاسى ئۆسۈپ كېتىش ئەھۋالى مەلۇم دەرىجىدە توسۇلدى. تاشقى پېرېۋوتنى تەڭشەش بازىرىنىڭ باھاسى تۆۋەنگە چۈشۈشكە باشلىدى ھەمدە ئاساسىي جەھەتتىن نورماللىششقا قاراپ يۈزلەندى. يازلىق يىغىمدا يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشتا "ئاق ھۆججەت" كېسىپ بېرىدىغان ئەھۋال ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىلدى، كۈزلۈك يىغىمدا لازىم بولىدىغان مەبلەغ مۇددەتتىن بۇرۇن تەييارلىنىپ بولدى. پولات ماتېرىياللىرى قاتارلىق ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسى چۈشۈرۈلدى. دۆلەت مالىيىسىنىڭ كىرىم-چىقىم ئەھۋالى ياخشىلاندى. شەھەر-يېزا خەلقىنىڭ كىرىمى ئۈزلۈكسىز ئاشماقتا. پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ يۈرۈشۈپ بېرىشى ساغلام يۆنىلىشكە قاراپ راۋاجلانماقتا. پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش تەدبىرىنى قوللىنىشى پۈتۈنلەي زۆرۈر ۋە توغرا. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، كېلەر يىلىمۇ تېزرەك ئېشىش سۈرئىتىنى ساقلاپ قېلىپ، خەلق ئىگىلىكىنى ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلاندۇرالىشىمىز مۇمكىن.

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ قەدىمى روشەن ھالدا تېزلەشتى. نۇرغۇن مۇھىم ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىڭ بەزىلىرى ئاللىقاچان ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى، بەزىلىرى ئوتتۇرىغا چىقىرىلىش ئالدىدا. بۇ يىل پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، باھا ئىسلاھاتىنى زور قەدەملەر بىلەن داۋاملىق ئالغا سۈردۇق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىرمۇنچە سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسىنى قويۇۋەتتۇق، 90% تىن كۆپرەك ناھىيە (شەھەر) دە ئاشلىقنىڭ سېتىۋېلىش-سېتىش باھاسىنى قويۇۋەتتۇق. پۈتكۈل ئىگىلىكنىڭ بازارلىشىش دەرىجىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشى ئۈزلۈكسىز تۈردە كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ ئىلگىرىلىدى، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ جۇڭگوغا كېلىپ مەبلەغ سېلىشىدا يېڭى دولقۇن كۆتۈرۈلدى. بۇ يىل ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتىكى مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك شۇ بولدىكى، ئالغا بېسىش داۋامىدا كېلىپ چىققان زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق ھەل قىلىندى، بۇنىڭدا ئاساسەن ئىقتىسادىي ۋاستە ۋە قانۇن ۋاستىسى قوللىنىلدى، زۆرۈر بولغان مەمۇرىي ۋاستىلەرمۇ قوشۇمچە قوللىنىلدى ئەلۋەتتە، بۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى. بۇ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات داۋامىدا كېلىپ چىققان چوڭقۇر قاتلامدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ چىقىش يولى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىپ، بىزنى قىممەتلىك تەجرىبە بىلەن تەمىن ئەتتى.

نۆۋەتتە دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىجتىمائىي-سىياسىي ئەھۋالىمۇ ياخشى. بۇ يىل مەركەزدىمۇ، جايلاردىمۇ خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت ۋە سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرى ئوڭۇشلۇق ھالدا سايلاپ چىقىلدى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ مەملىكەتلىك قۇرۇلتايلىرىنى ئۆتكۈزدى، بۇنىڭ بىلەن رەھبەرلىك بەنزىلىرىدە كونىلارنىڭ ئورنىغا يېڭىلار چىقتى. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە قۇرۇلۇشى ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا يېڭى تەرەققىياتلار بولدى، بەزى مۇھىم قانۇن-نىزاملار تۈزۈلدى. تەشۋىقات خىزمىتى ۋە ئىدىيىۋى خىزمەت كۈچەيتىلدى. مەركىزىي كومىتېت پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى تۇتتى، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى، ھەرقايسى رايون، ھەرقايسى تارماقلار بۇنى چىڭ تۇتۇپ ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈۋاتىدۇ. بەزى چوڭ، مۇھىم ئەنزىلەر تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، بەزى ناتوغرا ئىستىللار توسۇلدى، پارتىيىنىڭ ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قويۇقلاشتۇرۇلدى. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە ئوڭشاش خىزمىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىلدى، ئىچكى-تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ چاتاق چىقىرىش سۇيىقەستى ۋاقتىدا بىتچىت قىلىنىپ، تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بەزى ۋەقەلەر مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنىپ، جەمئىيەت تەرتىپى ۋە ئىقتىسادىي تەرتىپ قوغداپ قېلىندى.

خەلقئارا ۋەزىيەتتە بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرمۇ ئومۇمەن ئالغاندا بىزگە پايدىلىق بولماقتا. شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىشىش ئاياغلاشتى، دۇنيا بىر قەدەر ئۇزاق ۋاقىتقىچە تىنچلىق دەۋرىگە كىرىشى مۇمكىن، بولۇپمۇ ئېلىمىزنىڭ قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ياخشىلىنىشى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىمىز ئۈچۈن تىنچ دۆلەت ئەتراپى مۇھىتى ۋە خەلقئارا مۇھىتنى يارىتىشقا پايدىلىق

بولماقتا. دۇنيا مىقياسىدا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ تەڭشىلىشى بىزنىڭ چەتنىڭ مەبلىغى ۋە تېخنىكىسىنى جەلپ قىلىشىمىزغا پايدىلىق بولۇۋاتىدۇ. ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان رايونلىرى دۇنياغا بارغانسېرى چوڭ تەسىر كۆرسەتمەكتە، بۇمۇ بىزگە پايدىلىق.

قىسقىسى، ھازىرقى ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەت بىزگە بىر قەدەر پايدىلىق، بىزنىڭ ئالدىمىزدا ھەقىقەتەنمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە تەرەققىي قىلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى تۇرماقتا. بۇنداق تارىخىي پۇرسەت ھەمىشە بولۇۋەرمەيدۇ. بىز چوقۇم پايدىلىق پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئومۇمىي كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشىمىز لازىم. مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دەل مۇشۇنداق ئوي بىلەن 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش مەسىلىسىدە قارار چىقىرىپ، پۈتۈن پارتىيىدە تونۇشنى ۋە قەدەمنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىسلاھاتنى پائال چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىز ئىشىنىمىزكى، بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىمىز ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىزدا يېڭى بىر ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدۇ.

## 2. «قارار»نى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا

14-قۇرۇلتايدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش نىشانى بەلگىلەنگەندىن بۇيان، ھەرقايسى ساھەلەردىكى يولداشلار ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تېخىمۇ ئوبدان ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئالغا سۈرۈش ئۈچۈن، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە بىرقەدەر مۇكەممەل ۋە سىستېمىلىق شەرھى بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ كەلدى. ھەممىمىز كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىزكى، بازار مېخانىزمى ئىقتىسادىي ھاياتىمىزدا بارغانسېرى مۇھىم رولىنى جارى قىلىۋاتىدۇ، بىراق، مەلۇم ساھەلەردىكى ئىسلاھاتنىڭ ئارقىدا قېلىشى ئەينى ۋاقىتتا يېڭى تۈزۈلمىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا ۋە خەلق ئىگىلىكىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزمەكتە. ئون نەچچە يىللىق ئىسلاھات داۋامىدا ھەرقايسى جەھەتلەردە بوشۇش خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنىڭ قولغا كېلىشى ۋە تەجرىبىلەرنىڭ توپلىنىشى بىلەن، ئىسلاھاتنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ شەرت-شارائىتلىرىمۇ ھازىرلاندى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئومۇمىي لايىھىنى تۈزۈپ چىقىشقا، تۈزۈلمە ۋە سىياسەتنى قېلىپلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىي رامكىسى گەرچە يەنە ئەمەلىيەت داۋامىدا سىناقتىن ئۆتكۈزۈلۈشكە ۋە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشكە توغرا كەلسىمۇ، لېكىن، بۇ ئاساسىي رامكا بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئىسلاھات خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشتىكى ئالدىن كۆرەرلىكىمىزنى ئاشۇرۇپ، ئىسلاھاتنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئېلىپ بارالايمىز.

www.uyghurkitap.com

«قارار»نىڭ مەزمۇنى مول ۋە ئەتراپلىق بولۇپ، ئۇنىڭدىكى 50 ماددىنىڭ ھەممىسى ناھايىتى مۇھىم. بۇ يەردە مەن «قارار»نىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا ئازراق سۆزلىمەكچىمەن:

**(1) ئىسلاھات بىلەن تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش.** ھازىر ئىچكى ۋەزىيەتمۇ، تاشقى ۋەزىيەتمۇ بىزگە بىر قەدەر پايدىلىق، ئېلىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ناھايىتى زور، بىرقەدەر ئۇزاق مەزگىل ئىچىدە يۇقىرىراق ئېشىش سۈرئىتىنى ساقلاپ قېلىشىمىز مۇمكىن. بىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، نۆۋەتتىكى پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىگىلىكىمىزنى يۇكسەلدۈرۈشىمىز لازىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېگەن: "تەرەققىي قىلغاندىلا داۋلىدا ئۇتتۇرۇپ قويمايمىز"، "مەسىلىنى ئاخىرقى ھېسابتا ھەل قىلىشتا يەنىلا ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا تايىنىمىز". بۇ سۆز مۇتلەق توغرا. بىز بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئاللىقاچان تەييارلاپ قويغان تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تۈزۈلمە جەھەتتىن ئوبدان شارائىت ھازىرلاپ بېرىشىمىز كېرەك. ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئىسلاھاتقا كەڭرەك مۇھىت يارىتىپ بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. تەرەققىيات ئۈستىدىمۇ ئوي-پىكرىمىزنى بىگىلاپ، ئۇنى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى مەركەز قىلغان يولغا ھەقىقىي يۆتكەش كېرەك، قارىغۇلارچە مەھسۇلات قىممىتىنى قوغلىشىش ۋە مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنى كېڭەيتىشتەك يىرىك ئىگىلىك باشقۇرىدىغان كونا يولدا مېڭىۋەرسەك بولمايدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ياخشى ئېلىپ بېرىلىپ، بايلىق كۆپ يارىتىلغاندىلا، ئاندىن دۆلەت بېيىپ قۇدرەت تاپالايدۇ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنالايدۇ. كۆپ يىللاردىن بۇيانقى تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، ھەرقانداق ۋاقىتتا مۇنداق ئىككى چوڭ ئىشنى ئوبدان تۇتۇشىمىز كېرەك، ئۇنىڭ بىرى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساس ئىكەنلىك ئورنىنى كۈچەيتىش، يەنە بىرى، چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش. يېزا ئىگىلىك مەسىلىسىدە مەركەز يېقىندىلا يىغىن ئېچىپ، فاڭجېن-سىياسەتلەرنى بەلگىلىدى، بۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشىنى ئەستايىل ئۇيۇشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە پۈتكۈل يېزا ئىقتىسادىنىڭ مۇقىم راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ھازىردىن باشلاپ، چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش ئىشىغا تېخىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلىش لازىم. چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرى ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشتىكى ئاساسىي يۆلەنچۈك، ئۇلار دۈچ كېلىۋاتقان نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا تايىنىپ ھەل قىلىش لازىم. دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىمىزدىكى مۇھىم ۋە قىيىن نۇقتىدۇر. «قارار»دا زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش مەسىلىسى روشەن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، كارخانا ئىسلاھاتى ئۈستىدىكى تەسەۋۋۇرلاردا ئالغا قاراپ زور بىر قەدەم تاشلاندى. «قارار»دا زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي بەلگىلىرى يىغىنچاقلىنىپ چىقىپ، كارخانا ئىسلاھاتىنىڭ يۆنىلىشى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلدى. «قارار»دىكى تەلەپكە ئاساسەن، كارخانا ئىسلاھاتىنى پۇختا قەدەملەر بىلەن

چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىنى ھەقىقىي يوسۇندا ياخشى باشقۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى يېتەكچىلىك ۋە تايانچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. بۇ ھەم پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان زور ئىقتىسادىي مەسىلە، ھەم سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان زور سىياسىي مەسىلە، بىز كۆچ سەرپ قىلىپ، بۇ مەسىلىنى چوقۇم ئوبدان ھەل قىلىشىمىز لازىم.

**(2) ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش بىلەن بازارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش.** سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي تۈزۈملىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن بولىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتىن مەقسەت، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەپ تىزگىنلىشى ئاستىدا، بازارنى بايلىقنى تەقسىملەشتە ئاساسلىق رول ئوينايدىغان قىلىشتىن ئىبارەت. دۆلەتنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەپ تىزگىنلىشى، بازار مېخانىزمىنىڭ رولى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى، بۇلار ئىككىسى بىرلىككە كەلگەن بولىدۇ، بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشتا، بازارنىڭ بايلىقنى تەقسىملەش جەھەتتىكى ئاساسلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى تەكىتلەش كېرەك، بۇنداق قىلمىغاندا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلغىلى بولمايدۇ. لېكىن، ئەينى ۋاقىتتا، بازارنىڭ ستىخىيىلىك، قارىغۇلۇق، سۈرەلمىلىك مەۋجۇت بولۇشتەك پاسسىپ تەرىپىنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك، بازارنىڭ بۇنداق ئاجىزلىق ۋە يېتەرسىزلىكىنى دۆلەتنىڭ بازار پائالىيىتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن يېتەكلىشى ۋە تەڭشەپ تىزگىنلىشىگە تايىنىپ تولۇقلاش ۋە تۈگىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيادا ھېچقانداق دۆلەتتە ھۆكۈمەتنىڭ تەڭشەپ تىزگىنلىشىگە ئۇچرىمايدىغان بازار ئىگىلىكى يوق. دۆلىتىمىز-سوتسىيالىستىك دۆلەت، شۇڭا ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەشنى ئوبدان ئېلىپ بېرىشى كېرەك، شۇنداق قىلىشقا شەرت-شارائىتىمۇ تېخىمۇ كۆپ، ھازىرقى مەسىلە، بازارنىڭ رولى ناھايىتى كۆپ جەھەتلەردە تېخى تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بازار قارىغۇلارچە راۋاجلىنىش ۋە ئىقتىسادىي تەرتىپ قالايمىقان بولۇش ئەھۋاللىرىمۇ ساقلانماقتا. بىز بازار سىستېمىسىنى پائال يېتىشتۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، باھا ئىسلاھاتى ۋە تاۋار ئوبوروتى سىستېمىسى ئىسلاھاتىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى بازىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، بازارنى تەڭشەپ تىزگىنلەشنى، باشقۇرۇشنى ۋە نازارەت قىلىشنى ياخشىلىشىمىز ۋە كۈچەيتىشىمىز لازىم. بۇ يىللىق ئەمەلىيەتمۇ شۇنى چۈشەندۈردىكى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، بازار مېخانىزمىنىڭ رولىنى-تولۇق جارى قىلدۇرۇش ۋە ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت مۇشۇ ئىككى تەرەپكە تەڭ كۈچ چىقىرىش كېرەك. ھەربىر مەزگىلدىكى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى پەرقلىق بولسا، ئوخشاش بولمىغان ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، بەزىدە بازارنىڭ رولى كۆپرەك تەكىتلەنسە، بەزىدە

www.uyghurkitap.com

دۆلەتنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەپ تىزگىنلىشى كۆپرەك تەكىتلەنسە بولىدۇ، ئەمما، بىر تەرەپنى تەكىتلىگەن چاغدا، يەنە بىر تەرەپكە سەل قاراشقا ھەتتا ئۇنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

**(3) ئىككى قول بىلەن تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش.**

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش داۋامىدا، ئىككى قول بىلەن تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش فاڭجېنىدا باشتىن-ئاخىر بىردەك چىڭ تۇرۇش لازىم. بۇ مەسىلىدە بىز چوڭقۇر ساۋاققا ئىگىمىز، بىرىنى قاتتىقراق، بىرىنى بوشراق تۇتۇشتەك خاتالىقنى قايتا سادىر قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ.

ھەممەيلەن پۈتۈن دىققەت-ئېتىبارى بىلەن ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتقاندا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا سەل قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ. «قارار»دا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ فاڭجېن ۋە ۋەزىپىلىرى تەكىتلەندى، تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە مەدەنىيەتلىك، ساغلام بولغان تۇرمۇش ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇشنى، ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى پائال تەشەببۇس قىلىش لازىملىقى ئالاھىدە كۆرسىتىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قاراتمىلىقى بار. رېئال تۇرمۇشتا پۇلپەرەسلىك، چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك ۋە چىرىك تۇرمۇش ئۇسۇلى، شۇنىڭدەك باشقا ئىجتىمائىي رەزىللىكلەر ھەققەتەن باش كۆتۈرۈپ چىقماقتا، بەزىلىرى خېلى ئېغىر دەرىجىگە بېرىپ يەتتى، ئۇنۇملۇك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بۇلارغا قارشى قەتئىي كۈرەش ئېلىپ بېرىش كېرەك. بىز ئوچۇق پوزىتسىيە بىلەن توغرا كەيپىياتنى قوللاپ، ناچار كەيپىياتنى تۈگىتىپ، جەمئىيەتتە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشكە، ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىنتىلىدىغان ياخشى كەيپىياتنى يارىتىشىمىز كېرەك. بىز ئېسىل مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشىمىز، چەت ئەللەرنىڭ بارلىق ئىلغار مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۆگىنىشىمىز، لېكىن ھەرگىز شاكىلىنى مېغىز دەپ قارىماسلىقىمىز كېرەك.

يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ مۇنداق ھېكمەتلىك سۆزى بار: "دۆلەتنىڭ بىرلىكى، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى——ئىشلىرىمىزنىڭ جەزمەن غەلىبە قازىنىدىغانلىقىنىڭ كاپالىتى." ئىتتىپاق-مۇقىم بولغان سىياسىي ۋەزىيەت بولمىسا، ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. نۆۋەتتە، ئومۇمىي ئەھۋال ياخشى، لېكىن خاتىرجەم شارائىتتا تۇرغاندا، خەۋپ-خەتەرنىمۇ ئويلاپ قويۇشىمىز، ھەرگىز بىخۇتلۇق قىلماسلىقىمىز كېرەك. سىياسىي قانۇن خىزمىتىنى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش ئىشىنى كۈچەيتىشىمىز، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك جىنايى ھەرىكەتلەرگە قانۇن بويىچە چارە كۆرۈشىمىز كېرەك. خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا ھەل قىلىپ، تۈرلۈك تىنچسىزلىق ئامىللىرىنى ۋاقتىدا تۈگىتىپ، تىنچ-ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملىشىمىز لازىم. پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە دىنىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، دىن قارىشى توغرىسىدا كەڭ تەربىيە ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك.

چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى ئۈزلۈكسىز تۈردە كەڭ قانات يايدۇرۇش لازىم. پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ــ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ زۆرۈر شەرتى، شۇنداقلا ئىسلاھات ئىشلىرىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. مەركىزىي كومىتېتنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى فاڭجېن، پرىنسىپ، سىياسەتلىرى ئېنىق، ئۇنى كەڭ كادىرلار ۋە ئامما چىن كۆڭلىدىن ھىمايە قىلىدۇ. چىرىكلىككە قارشى كۈرەشتە پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىك ئورگانلىرى، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار ۋە ئىقتىساد باشقۇرۇش تارماقلىرى، شۇنىڭدەك چوڭ، مۇھىم ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش مۇھىم نۇقتا قىلىنىدۇ. كومپارتىيە ئەزالىرى بولۇپمۇ يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئاڭلىقلىقنى ئۆستۈرۈپ، پاك، ئۆزىگە تەلەپچان بولۇپ، ئوبدان باشلامچى بولۇشى كېرەك. چىرىك ئۇنسۇرلارنى، قانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پارتىيە ئىنتىزامى ۋە دۆلەت قانۇنى بويىچە جازالاش كېرەك، يامانلىقنى رايىغا قويۇپ بېرىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرەشى بىر ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپە، ئۇنى بوشاشماستىن داۋاملىق تۇتۇش لازىم. مەركىزىي كومىتېت قارار قىلغان بۇ قېتىمقى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ باسقۇچلۇق نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا چوقۇم كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

**(4) بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى تولۇق قوزغاپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇش.** مەيلى بۇرۇنقى ئىنقىلابىي ئۇرۇشتا بولسۇن، ياكى ھازىرقى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا بولسۇن، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىغا يېقىندىن تايىنىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىنى جارى قىلدۇرغاندىلا، ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ. بىز ئەزەلدىن مەركەز بىلەن جايلاردىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇشنى تەكىتلەپ كېلىۋاتىمىز. «قارار»دا مالىيە-باج تۈزۈلمىسى ۋە پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىغا يۈزلىنىش ۋە پرىنسىپنى بەلگىلەپ بېرىشتە ئېلىمىزنىڭ رېئال ئەھۋالى ۋە جايلارنىڭ خىزمىتى تولۇق كۆزدە تۇتۇلغان. باج ئايرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، مەركەز بىلەن جايلارنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى مۇۋاپىق ئايرىش، مەركەز بىلەن جايلارنىڭ كىرىم-چىقىم نىسبىتىنى مۇۋاپىق بەلگىلەشتىن مەقسەت ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى قېلىپلاشتۇرۇش. مەركەز بانكىسىنىڭ پۇلنى تەڭشەپ تىزگىنلەش ۋە نازارەتچىلىك فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتىپ، سىياسەت خاراكتېرىدىكى پۇل مۇئامىلىسى بىلەن سودا خاراكتېرىدىكى پۇل مۇئامىلىسىنى ئايرىش، پىرىۋوت نىسبىتىنى بىر خىللاشتۇرۇش پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسىدىكى زور ئىسلاھاتتۇر. بۇ مەركەز بىلەن جايلارنىڭ مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى تەڭشەشكىمۇ چېتىلىدۇ. مالىيە-باج تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ۋە پۇل مۇئامىلە ئىسلاھاتى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تەلىپى، ئۇ خەلقئارادىكى ئومۇمىي ئۇسۇلغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ، جۇڭگونىڭ ئالاھىدىلىكى

www.uyghurkitap.com

ۋە كونكرېت ئەھۋالىدىنمۇ چەتنەپ كەتمىگەن. مۇشۇنداق قىلىش مەركەز بىلەن جايلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تېخىمۇ ئوبدان ئېلىپ بېرىپ، خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەڭكەش راۋاجلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پايدىلىق. مەركەز بىلەن جايلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، مەركەز جايلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى نەزەرگە ئېلىشى، جايلار بولسا ئومۇمىيلىق نۇقتىئىنەزىرىنى تۇرغۇزۇشى، ئومۇمىيلىق قىسمەنلىككە ئېتىبار بېرىشى، قىسمەنلىك ئومۇمىيلىققا بويسۇنۇشى كېرەك. مالىيە-باج تۈزۈلمىسى ۋە پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسىنىڭ ئىسلاھات لايىھىلىرى توغرىسىدا مۇزاكىرىلىشىش، مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق بىردەك تونۇشقا كەلگەنلىكىمىز كۆپچىلىكنىڭ ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتقانلىقى، ئومۇمىيلىق نۇقتىئىنەزىرىگە ئىگە بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىز بۇ ئىسلاھاتلارنىڭ چوڭقۇر ئەھمىيىتىنى تولۇق چۈشىنىپ، بىر نىيەت-بىر مەقسەت بىلەن ئورتاق تىرىشىپ، ئىسلاھات ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندىشىمىز كېرەك.

دۆلىتىمىز يەر مەيدانى كەڭ دۆلەت، جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئىنتايىن تەكشىسىز. رايونلار ئارىسىدىكى پەرقنى تارىخ شەكىللەندۈرگەن، پەرقلەرنى كىچىكلىتىش ئۈچۈنمۇ بىر جەريان كېرەك. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئىككى ئاكتىپلىقنى جارى قىلدۇرۇش، يەنى ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ ئاكتىپلىقىنىمۇ جارى قىلدۇرۇش، ئىقتىسادى تەرەققىي تاپمىغان رايونلارنىڭ ئاكتىپلىقىنىمۇ جارى قىلدۇرۇش ئاساسىغا قۇيۇلغان. بىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئاساسىي فاڭجېنىمىز ئېنىق. ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان رايونلار ئۆزىنىڭ پايدىلىق شارائىتىدىن ۋە ھازىرقى ئاساسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، سۈرئەتنى تېزرەك قىلىشقا شارائىتى يار بەرسە تېزرەك قىلىپ، ئىقتىسادنى تېزرەك يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈپ، ئىقتىسادى تەرەققىي تاپمىغان رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى كېرەك. ئورتاق بېيىش نىشانىنى پەيدىنپەي ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەت ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىمدىكى ئىقتىسادى تەرەققىي تاپمىغان رايونلارنى پائال يۆلەش تەدبىرىنى قوللىنىۋاتىدۇ. ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە ئىشىكنىڭ كەڭ ئېچىۋېتىلىشىگە ئەگىشىپ، ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى شارائىتىمۇ پەيدىنپەي ياخشىلانماقتا، بۇ رايونلار ئۆزىنىڭ بايلىق مەنبەسى ۋە باشقا جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدىغانلا بولسا، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە دۆلەتنىڭ قوللىشى ئاستىدا، تەرەققىيات قەدىمىنى پەيدىنپەي تېزلىتەلىشى تامامەن مۇمكىن.

دۆلەت، كارخانا ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتىمۇ ئۈچ تەرەپنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا پارتىيە تەشكىلاتى، ئىگىلىك باشقۇرۇش خادىملىرى ۋە پۈتكۈل ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. پۈتۈن خەلق ئارىسىدا ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلار ۋە ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارى

قىلدۇرۇش لازىم. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ۋە ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشتا ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ۋە تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تايىنىش لازىم، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ئىشلەپ، سىياسىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىمىزنى جارى قىلدۇرۇشقىمۇ تايىنىش كېرەك.

قىسقىسى، بىزنىڭ فاڭجېنىمىز ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، پاسسىپ ئامىللارنى ئاكتىپ ئامىللارغا ئايلاندۇرۇپ، كۈچنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا ئۇيۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت. شۇنداق قىلغاندا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىز ئەڭ كەڭ ۋە ئەڭ چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇپ، جۇشقۇنلۇق بىلەن ئالغا قاراپ راۋاجلىنىدۇ.

## پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش يېڭى دەۋردىكى ئۇلۇغ تارىخىي ۋەزىپىدۇر. پارتىيىمىز مۇشۇنداق مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىجادىي ئىشقا رەھبەرلىك قىلىپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى، تەشكىلىي ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىشى كېرەك.

**(1) پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن پارتىيىنى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇش لازىم.** بىر پارتىيە، بىر مىللەت، بىر دۆلەت، بولۇپمۇ بىزنىڭ پارتىيىمىزدەك چوڭ پارتىيە، بىزنىڭ دۆلىتىمىزدەك 1 مىلياردتىن كۆپ ئاھالىسى بار، 56 مىللەتتىن تەركىب تاپقان كۆپ مىللەتلىك چوڭ دۆلەت توغرا نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىگە ۋە كۈچلۈك مەنىۋى تۈۋرۈككە ئىگە بولۇشى كېرەك. ھازىر بىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتەك مۇشۇنداق چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش پەيتىدە تۇرۇۋاتىمىز، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي قىياپىتىمىزدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتىدۇ. پارتىيىمىز مۇشۇنداق ئۇلۇغ ئۆزگىرىشكە رەھبەرلىك قىلىشتەك تارىخىي بۇرچنى ئۈستىگە ئېلىش ئۈچۈن، توغرا نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىگە ۋە كۈچلۈك مەنىۋى تۈۋرۈككە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، پۈتكۈل پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ كۈچلۈك ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، خۇددى كونا جۇڭگودىكىدەك قۇمدەك چېچىلىپ كېتىمىز-دە، قۇدرەتلىك كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە بولالمايمىز. ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش —— تەشكىلىي قۇرۇلۇش ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە

سوتسيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ۋارىسى ۋە راۋاجى، زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمى، بىز پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى مۇشۇ نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇشىمىز كېرەك. مەركىزىي كومىتېت «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى ئۆگىنىشنى قارار قىلدى، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار بولۇپمۇ ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار جەزمەن ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل ئۆگىنىشى لازىم. نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەسلى ئەسەرنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، ئىزدىنىپ، روھىي ماھىيىتىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئۆز تارمىقىمىز، ئۆز رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز لازىم. بۇ يەردە ئولتۇرغانلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، كاندىدات ئەزالىرى ۋە پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ئاممىۋى تەشكىلاتلار قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردىكى مەسئۇل يولداشلار، ئۆزەڭلارنىڭ سىياسىي سەۋىيىسىنى، ئىدىيىۋى سەۋىيىسىنى ۋە رەھبەرلىك قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەننىنى ئىجرا قىلىشتىكى ئاڭلىقلىق ۋە قەتئىيلىكىڭلارنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، سىلەرنىڭ باشلامچىلىق بىلەن ئۈبدان ئۆگىنىشىڭلار تېخىمۇ زۆرۈر. بۇ بىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىمىزنى غەلىبىلىك ھالدا ئالغا سىلجىتىشىمىزدىكى تۈپ تەدبىرىمىزدۇر.

**(2) پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم.** پارتىيىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقىدا، پارتىيىنىڭ مۇستەھكەم تەشكىلاتقا ۋە قاتتىق ئىنتىزامغا ئىگە بولغانلىقىدا. پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن جىق خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردە ئۈچ نۇقتىنى تەكىتلەيمەن. بىرىنچى، پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش كېرەك. دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرگىلى، قەدەمنى بىرلىككە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئاڭلىق ھالدا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، قىسمەن مەنپەئەتنى ئومۇمىي مەنپەئەتكە بويسۇندۇرۇشى، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتكە بويسۇندۇرۇشى، ئومۇملۇقنى كۆزدە تۇتۇپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن-سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىل يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ سىياسىي، تەشكىلىي ۋە ھەرىكەت جەھەتتىكى يۈكسەك بىرلىكىنى ساقلىشى لازىم. قىل دېگەننى قىلمايدىغان، قىلما دېگەننى قىلىدىغان قىلمىشلار ئىشلىرىمىزغا ئىنتايىن زىيانلىق، بۇنىڭغا پارتىيە ئىنتىزامى يول قويمايدۇ. ئىككىنچى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى پارتىيىنىڭ ئۇلى، ئۇل پۇختا بولغاندىلا، ئاندىن بىر پۈتۈن پارتىيىنىڭ كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا ئىگە بولۇشىغا، ھەرقانداق بوران-چاپقۇننىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. «قارار»نى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلات-

لىرىنىڭ ئورتاق تىرىشىشىغا توغرا كېلىدۇ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىمۇ جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ، ئىنچىكىلىك بىلەن خىزمەت ئىشلەپ، پارتىيىنىڭ قارارىنى كەڭ ئاممىنىڭ ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇشى لازىم. قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە باشلاپ پارتىيىنىڭ كۆرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى جەڭگىۋار قورغان قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. ئۈچىنچى، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. بۇنىڭدا ھالقىلىق مەسىلە كادىرلار قوشۇنىنى ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، ياشلاشتۇرۇش، بىلىم ئەھلىگە ۋە كەسىپ ئەھلىگە ئايلاندۇرۇش فاڭجېنى ۋە ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش تەلىپىگە ئاساسەن ئادەمنى ئوبدان تاللاش ۋە ئوبدان ئىشلىتىشتىن ئىبارەت. پارتىيە ئىشلىرىغا سادىق، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى پائال ئىلگىرى سۈرىدىغان كادىرلارنى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ياشلىق ۋە ياش كادىرلارنى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورنىغا تاللاپ ئۆستۈرۈپ، پارتىيە تەشكىلاتىمىزنىڭ جۇشقۇنلۇقى ۋە ھاياتىي كۈچىنى ساقلىشىمىز لازىم.

**(3)تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، خىزمەت ئىستىلى ۋە پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى ياخشىلاش كېرەك.** دەۋر ئالغا كېتىۋاتىدۇ، ۋەزىيەت تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر ئارقا-ئارقىدىن چىقىۋاتىدۇ، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلار ۋە رەھبىرىي كادىرلار رەھبەرلىك ئۇسۇلى ۋە رەھبەرلىك ئىستىلىنى تىرىشىپ ياخشىلاپ، دەۋرنىڭ قەدىمىگە يېتىشىپ مېڭىشى كېرەك. بۇ ئىشنى رەھبەرلىك سەۋىيىسى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ تونۇش كېرەك. ھازىر ھەرقايسى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەر تۈرلۈك-تۈمەن، پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرى بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرى پارتىيە 14-قۇرۇلتىيى روھىنى ۋە بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىننىڭ قارارىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى تىزگىنلەش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈپ، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى لازىم. كېلەر يىلى ئىسلاھات ئىلگىرى سۈرۈلىدىغان مۇھىم بىر يىل بولۇپ، ۋەزىپە بەكمۇ ئېغىر، شۇڭا، چوقۇم ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىپ، مۇقىم سىياسىي مۇھىتنى ۋە ياخشى ئىقتىسادىي شارائىتنى تىرىشىپ ساقلىشىمىز لازىم. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ھەم پايدىلىق شارائىتنى كۆرۈۋېلىپ، تەرەققىيات پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇشى، ھەم ئالغا بېسىش داۋامىدىكى زىددىيەت ۋە قىيىنچىلىقنى تولۇق مۆلچەرلەپ، خىزمەتنى جان كۆيدۈرۈپ ئوبدان ئىشلىشى كېرەك. چوڭ-چوڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىلىرىنى توغرا ئىگەللەپ ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىدا چىڭ تۇرۇپ، بىر تەرەپلىمىلىك ۋە مېتافىزىكىدىن ساقلىنىپ، توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇشى لازىم. ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بايقىۋېلىشى، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغان ھالدا خىزمەتلەرنى ئىجادىي قانات يايدۇرۇشى لازىم. تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، ئامما ياراتقان تەجرىبە-

لەرنى تەتبىقلاش ئارقىلىق ئاممىنى ئالغا يېتەكلەشكە ماھىر بولۇشى كېرەك. مەركىزىي كومىتېت ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىشىنى كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەي، كۆڭۈلدە سان بولماي، قارىغۇ ھالەتتە تۇرۇپ، رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۇبدان ئۆتەش مۇمكىن ئەمەس. زىياپەتنى ئازراق يەپ، كۆپرەك ۋاقىت چىقىرىپ ئۆگىنىسەك، سۇبيېكتىپچىلىقنى ئازراق قىلىپ، كۆپرەك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلساق، قۇرۇق گەپنى ئازراق سېتىپ، كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلساق، رەھبەرلىك سەۋىيىمىز زور دەرىجىدە ئۆسىدۇ.

يولداشلار!

ھازىر دۆلىتىمىز ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي دەۋردە تۇرۇۋاتىدۇ. زىممىمىزگە چۈشكەن يۈك ئېغىر، مەسئۇلىيىتىمىز چوڭ. بىز پارتىيىمىز ئالدىدا، دۆلىتىمىز ئالدىدا، مىللىتىمىز ئالدىدا يۈكسەك دەرىجىدە جاۋابكار بولۇش روھى بىلەن يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىگە باشتىن-ئاخىر ئەمەل قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى پۇختا ئىگەللەپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەت ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى قەتئىي راۋاجلاندۇرۇپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە بولۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئۆزىمىزنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، مەملىكىتىمىزنى باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك، زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى!

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئايشەم تاۋار**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# سىياسىي قانۇن خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە مۇقىملىقنى ساقلاش ئىشلىرىغا كاپالەتلىك قىلايلى

رېن جيەنشىن

ئۆتكەنكى بىر يىل ئىچىدە، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ۋە پارتىيە 14-قۇرۇلتىيى روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇردى، بۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادىمىز جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقى ساقلاپ قېلىندى، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى سىياسىي قانۇن تارماقلىرى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە، سىياسىي قانۇن خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ۋە ئىسلاھ قىلىپ، ئىچكى-تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە كۈچلۈك زەربە بەردى، تەسىرى چوڭراق بولغان بەزى تاسادىپىي ۋەقەلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلدى، ھەر خىل شەكىلدىكى ”قاتتىق زەربە بېرىش“ كۈرەشلىرىنى توختىماي قانات يايدۇرۇپ تۇردى، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قاتارلىق ئىقتىسادىي جىنايەتكە دائىر چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە ئوڭشاشقا ئائىت تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىدى، ئىقتىسادىي ساھە بويىچە قانۇننى ئىجرا قىلىش خىزمىتى ۋە قانۇن مۇلازىمەتچىلىك خىزمىتى دائىرىسىنى تىرىشىپ كېڭەيتتى، شۇ ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىتنى قوغدىدى.

بۇ يىل ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى ئىنتايىن مۇھىم، ئىنتايىن ھالقىلىق بىر يىل بولىدۇ. پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا تۈزۈلگەن ئۇلۇغۋار پىلان بويىچە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا ئالاقىدار بولغان نۇرغۇن مۇھىم تەدبىرلەر ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلىدۇ، ئىسلاھات ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغا ئىلگىرىلىتىش بىلەن نۇقتىلىق بۆسۈپ ئۆتۈش بىرلەشتۈرۈلگەن قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈش باسقۇچىغا قەدەم قويىدۇ. ئىسلاھاتنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ۋە مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تەڭشىلىشىگە ئەگىشىپ، يەنە بەزى يېڭى زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر كېلىپ چىقىدۇ. بىز مېڭىمىزنى جەزمەن سەگەك تۇتۇپ، ۋەزىيەتنى توغرا تەھلىل قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا توغرا ھۆكۈم قىلىپ، خاتىرجەم شارائىتتا تۇرغاندا خەۋپ-خەتەرنىمۇ ئويلاپ، ئالدىنئالا تەييارلىق كۆرۈپ قويۇپ، جەمئىيەتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سىياسىي مۇقىملىقنى ساقلاش ئىشىنى تېخىمۇ پۇختا، تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

سىياسىي قانۇن سېپىنىڭ 1994-يىلىدىكى ئاساسىي ۋەزىپىسى: پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش»تىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك فاڭجېندا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ تەلپىگە ماسلىشىپ، سىياسىي قانۇن خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ئىسلاھ قىلىش، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنىڭ فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش، تۈرلۈك جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش، چىركىنلىككە قارشى كۆرەشتە چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزىلەرنى چىڭ تۇتۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، جەمئىيەت ئامانلىقنى ھەر تەرەپلىمە ئوڭشاشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سۈرۈش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى قانۇن جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا قانۇن جەھەتتىن خىزمەت قىلىش ئىشلىرىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت.

**1. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنىڭ بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ۋە بىرلىككە كەلگەن دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇپ، سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.**

ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىش، تەرەققىياتنى تېزلىتىش--تىنچ-ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەشنىڭ پۇختا ئاساسى؛ سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداش--ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ ئالدىنقى شەرتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن جەزمەن مۇقىم سىياسىي مۇھىت بولۇشى كېرەك، بۇنىڭدىن ئايرىلغاندا، ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ.» تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا، ئىككى قولدا تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقنى ساقلىغاندىلا، ئاندىن ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كۈچلۈك كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ قەدىمى تېزلىتىلىۋاتقان ھازىرقى ۋەزىيەت ئاستىدا، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، تىنچسىزلىق ئامىللىرى كۆرۈنەرلىك ھالدا كۆپىيىپ قالدى، شۇڭا، مۇقىملىقنى قوغداش ئالاھىدە مۇھىم ۋە جىددىي بىر ئىش بولۇپ قالدى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ قەدىمى قانچە تېزلىتىلگەنسېرى، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت ماشىنىسىنى شۇنچە كۈچەيتىش، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداشقا شۇنچە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداش ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ ۋە ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلاردىكى پارتىيە رەھبەرلىرى، مەمۇرىي رەھبەرلەرنىڭ مۇھىم مەسئۇلىيىتى، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ۋەزىپىسى، شۇنداقلا سىياسىي

قانۇن تارماقلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى جەزمەن «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش»تىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك فاڭجېندا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى ئوبدان تۇتۇش بىلەن بىرگە، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئەستايىدىل ئوبدان تۇتۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى، ئىدىيە-مەدەنىيەت ساھاسىدىكى خىزمەتنى كۈچەيتىپ، مۇقىملىقنى قوغداشتىن ئىبارەت سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ھەقىقىي ئۈستىگە ئېلىشى لازىم. مۇقىملىقنى قوغداشقا ئائىت تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ۋاقتى-ۋاقتىدا مۇھاكىمە قىلىپ تۇرۇشى، ئورۇنلاشتۇرۇشى، يېتەكلىشى ۋە تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، ھەرخىل تىنچسىزلىق ئامىللىرىنى ۋاقتىدا تۈگىتىپ، تاسادىپىي ۋەقەلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك. ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلاردىكى كادىرلار ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرمۇ مۇقىملىقنى ساقلاشقا بولغان سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى كۈچەيتىشى، «مۇقىملىقنى قوغداشتا ھەركىمنىڭ مەسئۇلىيىتى بار» دېيىدىغان ئىدىيىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، خىزمەتتىكى يوچۇقلارنى ئېتىپ، خىزمەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تىنچسىزلىق ئامىللىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئاكتىپلىق ھالدا كۆپرەك تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

**2. يېڭى ۋەزىيەتتە تۇغۇلغان خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا، مۇۋاپىق ھەل قىلىش كېرەك.**

ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت كۆپلەپ پەيدا بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى يېڭى ۋەزىيەتتە تۇغۇلغان خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، ئىپادىلىنىش شەكلىنى، كەسكىنلىشىپ كېتىش شەرتلىرىنى، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ۋە بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، خىزمەت ئۇسلۇبىنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىپ، بيۇروكراتلىق ۋە شەكىلۋازلىقنى تۈگىتىپ، ئامما ئارىسىغا بېرىپ، ئاممىنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرىشى، ئەرزىيەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىشى، ئامما ئارىسىغا بېرىپ زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشقا كۈچ چىقىرىشى، ئاكتىپ پوزىتسىيىدە تۇرۇپ زىددىيەتلەرنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئىرىشىپ تۈرلۈك چوڭ-چوڭ ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ۋە يولغا قويۇلۇشىنى، ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتىن ئىلگىرىكى تەشۋىقات-جامائەت پىكرى خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئاممىنىڭ بەرداشلىق بېرىش كۈچىنى ئاشۇرۇشى ھەمدە تۈرلۈك ئىجتىمائىي كاپالەت مېخانىزمىنى تېزدىن بەرپا قىلىشى لازىم. جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، ھۆكۈمەتلەر رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئۈستىگە ئېلىپ، مۇرەككەپ ئەھۋالدا خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى

www.uyghurkitap.com

پەرقلەندۈرۈش ۋە ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، مەسىلىلەرنى ئاساسىي قاتلامدا، تۈرەلمە ھالىتىدىلا ۋاقتىدا ھەل قىلىشى لازىم.

**3. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي خىزمەت ۋە دىن خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى ۋە باشقۇرۇشىنى كۈچەيتىش، ياخشىلاش كېرەك.**

ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ئىتتىپاقلىقنى قوغداشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر كادىرلىرىنى تەربىيىلەش ۋە ئۆستۈرۈشنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش بايرىقىنى باشتىن-ئاخىر ئېگىز كۆتۈرۈپ، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا بەلگىلەپ بەرگەن تۈرلۈك سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىدىيە-مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ قەدەمىنى تېزلىتىش داۋامىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشى كېرەك. ماركسىزملىق مىللەت قارىشى توغرىسىدىكى تەشۋىقات-تەربىيىنى ۋە قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنى ئۆزىنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قانۇن تەرتىپلىرى ئارقىلىق قوغداش ئېڭىغا ئىگە قىلىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش ئىشىنى پەيدىنپەي قانۇنچىلىق يولىغا سېلىش كېرەك. مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ئوچۇق پوزىتسىيە بىلەن مەردانىلەرچە قارشى تۇرۇش، مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرنى قانۇن بويىچە جازالاش كېرەك. دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئىجرا قىلىپ، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى ۋە دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغداش كېرەك، دىندىن پايدىلىنىپ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالغانلار ۋە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى قانۇن بويىچە قەتئىي جازالاش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما ئارىسىدا ماركسىزملىق دىن قارىشى تەربىيىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ۋە قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى كەڭ ئاممىنى ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش بايرىقى ئاستىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار بويىچە دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا يېتەكلەش لازىم.

**4. چىرىكلىككە قارشى كۈرەشكە ئاكتىپ قاتنىشىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قاتارلىق ئىقتىسادىي جىنايەتكە دائىر چوڭ ئەنزە ۋە مۇھىم ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.**

پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش——سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ زۆرۈر شەرتى ۋە مۇھىم كاپالىتى، مۇقىملىقنى ساقلاشتىكى مۇھىم بىر تەدبىر.

ھەر دەرىجىلىك سىياسىي قانۇن تارماقلىرى ۋە بارلىق كادىر-ساقچىلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قاتار يولىيورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى ئىنتايىن ئۈنۈملۈك ھالدا ئالغا سۈرۈشى لازىم.

چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىشتا تەلىم-تەربىيىگە، قانۇن-تۈزۈمگە تايىنىش كېرەك؛ ھالقىلىق مەسىلە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەيدىغان قىلىشتىن ئىبارەت. سىياسىي قانۇن تارماقلىرى چىرىكلىككە قارشى كۈرەشكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن پائال قاتنىشىپ، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىشى، ئەنزە بىجىرىشنى چىڭ تۇتۇشى، قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئەنزىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزىلەرنى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى، قانۇنىي مەسئۇلىيىتىنى قاتتىق ئادا قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ئۇلارنىڭ قارىمىقىدىكى سىياسىي قانۇن كومىتېتلىرى رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزىلەرنى بىجىرىشكە ئەستايىدىل ھەيدەكچىلىك قىلىشى، سىياسىي قانۇن تارماقلىرىنىڭ ھەر خىل توسالغۇلاردىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، بارلىق توسقۇنلۇقلارنى تۈگىتىپ، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىشىغا مەدەت بېرىشى لازىم. ئالاقىدار سىياسىي قانۇن تارماقلىرىدىكى رەھبەرلەر چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئىشىغا تەشكىللاتچىلىق قىلىش، قوماندانلىق قىلىش، ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى كۈچەيتىپ، ئەنزە بىجىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. قانداق ئادەمگە چېتىلىشتىن، قانچىلىك چوڭ توسالغۇغا دۇچكېلىشتىن قەتئىينەزەر، ئاخىرغىچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش كېرەك. ئەنزە بىجىرىشكە توسقۇنلۇق قىلغان، چىرىك ئۇنسۇرلارغا يان باسقان كىشىلەرنى پارتىيە ئىنتىزامى ۋە دۆلەت قانۇنى بويىچە قاتتىق جازالاش كېرەك. ئەنزە بىجىرىشنىڭ سىياسىي ئۈنۈمى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىشتا، مۇھىمى، چىرىكلىكنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش لازىم. پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ۋە ئۇقتىلىق تارماقلاردا پاك بولۇشنى مەخسۇس مەزمۇن قىلغان قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىنى، كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قاتارلىق ئىقتىسادىي جىنايەتلەرنىڭ سادىر بولۇشنى ئەڭ زور دەرىجىدە توسۇش ۋە ئازايتىش كېرەك.

**5. كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ''قاتتىق زەربە بېرىش'' كۈرىشنى كۈچەيتىپ، ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنى قانۇن بويىچە قاتتىق، تېز جازالاش كېرەك.**

www.uyghurkitap.com

زەربە كۈچلۈك بولماسلىق مەسىلىسىنى قەتئىي تۈزىتىپ، "قاتتىق زەربە بېرىش"نىڭ سەۋىيىسىنى ۋە ئۈنۈمىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، خەلق ئاممىسىغا تىنچ-خاتىرجەم ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بېرىش سىياسى قانۇن تارماقلىرىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى، شۇنداقلا پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ سىياسىي قانۇن تارماقلىرىغا قويغان قاتتىق تەلىپىدۇر. 1994-يىلى "قاتتىق زەربە بېرىش" كۈرىشىدە "چوڭ ئەنزىلەرنى پاش قىلىش، جىنايەتچىلەر گۇرۇھىنى يوقىتىش، قاچقۇنلارنى تۇتۇش" مۇھىم نۇقتا قىلىنىشى كېرەك. جايلار ئۆز جايىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، مەركەزلەشتۈرۈپ زەربە بېرىش ياكى مەخسۇس تۈرلەر بويىچە ئوڭشاش ئىشىنى ئېلىپ بېرىشى، تەكشۈرۈش، ئەيىبلەش، سوتلاش ۋە ئۆزگەرتىش جەھەتتىكى دائىملىق خىزمەتنى كۈچەيتىپ، چوڭ ئەنزە ۋە يامان سۈپەتلىك ئەنزىلەر داۋاملىق كۆپىيىپ كېتىشتەك ۋەزىيەتنى تىزگىنلىشى؛ ئوغرىلىققا قارشى تۇرۇش يولىدىكى مەخسۇس كۈرەشنى چىڭ تۇتۇپ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئاممىنى كەڭ سەپەرۋەر قىلىپ، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىپ، جىنايەت سادىر قىلىش يوچۇقلىرىنى ئېتىپ تاشلىشى؛ ئېپپەت-نومۇسنى سېتىش، پاھىشۋازلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى ۋە تۈرلۈك شەھۋانىي ھەرىكەتلەرنى قەتئىي چەكلەپ، ئىجتىمائىي رەزىللىكلەرنى قەتئىي بوشاشماستىن تۈگىتىشى؛ بىرەر دائىرىدە زورلۇق-زومبۇلۇق قىلغان تۈرلۈك جىنايەتچىلەر گۇرۇھىنى بىر يوللا تارمار قىلىشى، "قارا جەمئىيەت" كۈچلىرىنى بىرى سېزىلسە بىرىنى يوقىتىشى كېرەك، ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

**6. پۈتۈن جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنى يەنىمۇ سەپەرۋەر قىلىپ، يېڭى ۋەزىيەتتە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە ئوڭشاش تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى راسا تۇتۇش كېرەك.**

14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىدىمۇ، يولداش جياڭ زېمىننىڭ سۆزىدىمۇ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە ئوڭشاشنى كۈچەيتىش مەسىلىسى كۆپ قېتىم تەكىتلەندى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى راۋاجلاندۇرۇلۇۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە ئوڭشاش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك، قىلچە بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. بۇ خىزمەتنىڭ بۇ يىلقى مۇھىم نۇقتىسى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: بىرىنچى، رەھبەرلىك مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، "كىم باشقۇرسا، شۇ جاۋابكار بولۇش" پرىنسىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە ئوڭشاش كومىتېتلىرى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن باش قوشۇپ، مەركەزدىكى بەش مىنىستىرلىك ۋە كومىتېت نامىدا ئېلان قىلىنغان «جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە ئوڭشاشتا رەھبەرلىك مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا دائىر بىرنەچچە بەلگىلىمە»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش چارىسىنى تېزدىن تۈزۈپ چىقىشى لازىم. ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەش ۋە زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا ھەرقايسى كارخانا ئورۇنلىرى ئېخىمۇ ئاكتىپ ۋە

تەشەببۇسكارلىق بىلەن "ئۆزىنىڭ ئامانلىقىنى ئوبدان ساقلىشى، ئادىمىنى ئوبدان باشقۇرۇشى، ئىشلىرىنى ئوبدان يولغا قويۇشى" لازىم. ئومۇمىي خەلققە قارىتىلغان قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، 2-بەشيىللىق پىلان بويىچە قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، پۈتكۈل خەلقنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئالدىنى ئېلىش، ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئوڭشاش تورلىرىنى كۈچەيتىپ، ئارمىيە، ساقچى ۋە خەلقنىڭ بىرلىكتە جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىكتە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئوڭشاش پائالىيىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئىككىنچى، نۇقتىلىق ئوڭشاش ئىشىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇش لازىم. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تەلپىنى يىقىندىن چۆرىدىگەن ھالدا، خەلق ئاممىسىنىڭ ساداسىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىپ، ئۆز رايونىنىڭ، ئۆز سىستېمىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئوڭشاش ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇھىم نۇقتىلارنى بېكىتىش، ئامانلىق ئىشلىرىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق ئوڭشاش يولى بىلەن ھەل قىلىپ، ھەر تەرەپلىمە ئوڭشاش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئۈچىنچى، يېزىلارنىڭ ئامانلىق مەسىلىسىنى كۈچ سەرپ قىلىپ ھەل قىلىش كېرەك. يېزا ئىگىلىك مەسىلىسى، يېزا مەسىلىسى ۋە دېھقانلار مەسىلىسى ئېلىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى تۈپ مەسىلە. ھازىر يېزىلارنىڭ ئامانلىقىدا گەۋدىلىك ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بىر جىددىي ۋەزىپە ھېسابلىنىدۇ. ئامانلىقى قالايمىقان كەنت، بازارلارنى، قاتناش لىنىيىسى بويلىرىنى ۋە پاسىل رايونلارنى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئوڭشاش ۋە تەرتىپكە سېلىش، ھەر خىل لۈكچەك، بۇزۇق كۈچلەرگە ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئېغىر ھالدا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەرخىل جىنايەتچىلەرگە نۇقتىلىق زەربە بېرىش لازىم؛ يېزىلاردىكى ئۇشۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ تەرتىپلىك، ئەقىلگە مۇۋاپىق يۆتكىلىشىنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلىش، قانۇن بويىچە كەنتلەرنى ئوڭشاشقا دائىر تەجرىبىلەرنى كېڭەيتىش كېرەك؛ ئاساسىي قاتلام خەلق مۇرەسسە تەشكىلاتلىرىنىڭ رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، خەلق ئارىسىدىكى ماجىرانى ئازايتىش، زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش لازىم؛ مەركىزىي كومىتېت چاقىرغان يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە ياچېيكىسى يادرولۇقىدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى، مەمۇرىي تەشكىلاتلار ۋە ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئاپتونومىيىلىك تەشكىلاتلارنى ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا مۇددەت ۋە تۈركۈمگە بۆلۈپ مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە كۈچەيتىش لازىم؛ يېزىلاردىكى ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئالدىنى ئېلىش، ئوڭشاش قوشۇنلىرىنى داۋاملىق مۇستەھكەملەش ۋە كۈچەيتىش كېرەك، بەزى رايونلارنىڭ ئامانلىقنى قوغداشتا ياللاپ ئىشلىتىلگەن خادىملارنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن ئاما ئۆز ئىختىيارىيلىقى بىلەن لايىقىدا مەبلەغ غەملەش چارىسىنى يولغا قويۇشى قالايمىقان ھەق ئېلىش جۈملىسىگە كىرمەيدۇ. تۆتىنچى، ياش-ئۆسمۈرلەرگە قارىتىلغان قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، بۇنىڭدا نۇقتىلىق ھالدا

ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتا سىستېمىلىق، مۇنتىزىم قانۇنچىلىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش لازىم. مەدەنىيەت بازارلىرىنى ۋە سىنئالغۇ قويۇش نۇقتىلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ياش-ئۆسمۈرلەر ئۆسۈپ يېتىلىشنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىنى پاكلاشتۇرۇش كېرەك. بەشىنچى، جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشتىن چىققان كىشىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىش، تەربىيە بېرىش تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. بولۇپمۇ ئىش ئورنى تورۇپ ئىشلىمگەن، يامان ئادىتىنى ئۆزگەرتمىگەن، قايتىدىن قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغانلارنى تىزگىنلەش، باشقۇرۇش ۋە تەربىيىلەشنىڭ بىر يۈرۈش ئۈنۈملۈك چارىسى بولۇشى كېرەك.

**7. سىياسىي قانۇن خىزمىتىنىڭ ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئۇنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك.**

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئىشى سىياسىي قانۇن خىزمىتىنىڭ مۇناسىپ هالدا ئىسلاھ قىلىنىشىنى جىددىي تەلەپ قىلماقتا. سىياسىي قانۇن تارماقلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار يوليورۇقلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، خىزمەتنى ئاكتىپ ئەمما پۇختا ئىشلەش فاكچىنىنى ئىزچىللاشتۇ-رۇپ، "ئۈچكە پايدىلىق بولۇش"نى توپ ئۆلچەم قىلىشتا، "قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دېموكراتىيە-نى كاپالەتلەندۈرۈش، دىكتاتۇرىنى كۈچەيتىش، يۇقىرى ئۈنۈملۈك مۇلازىمەت قىلىش، نازارەتچىلىكنى مۇكەممەللەشتۈرۈش"نى توغرا نىشان قىلىشتا چىڭ تورۇپ، ئىسلاھات قەدىمىنى مۇئەييەن رەھبەرلىك ئاستىدا پىلانلىق تېزلىتىشى، بولۇپمۇ پىشىپ يېتىلگەن ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا چىقىرىشى كېرەك.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىش ئۈچۈن، سىياسىي قانۇن تارماقلىرى بىر قاتار يۈرۈشلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشى، مەسىلەن، ئەدلىيە تۈزۈمىنى ۋە مەمۇرىي جەھەتتىن قانۇننى ئىجرا قىلىش مېخانىزمىنى ئىسلاھ قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىرلىككە كەلگەن خەلق ساقچىسى تۈزۈلمىسى ۋە ئەدلىيە تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىپ، ئەدلىيە سەۋىيىسىنى ۋە مەمۇرىي جەھەتتىن قانۇننى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسى؛ سىياسىي قانۇن تارماقلىرىنىڭ ئۆز-ئۆزىنى چەكلەش مېخانىزمىنى ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىش نازارەتچىلىكى مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش مەسىلىسى؛ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭ-چوڭ تەدبىرلىرىگە ماسلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، ئىقتىسادىي قانۇن، قائىدە-نىزاملارنى ۋە ئەدلىيە ئىزاھلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ ئۆزگەرتىش، ئىقتىسادىي ئەدلىيە ئىشلىرىنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش، ئادىل رىقابەتلىشىش ئۈچۈن ئوبدان قانۇنچىلىق مۇھىتى يارىتىش مەسىلىسى؛ ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، كارخانا

ئورۇنلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى تۈزۈلمىسىنى ۋە ئامانلىق باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسى؛ شەھەر-يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشكە ئاساسەن، نوپۇس باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئوشۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئەقلغە مۇۋاپىق ھالدا يۆتكىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەسىلىسى؛ ئادۇوكاتچىلىق تەشكىلاتلىرى، رەسمىي گۇۋاھلىق بېرىش تەشكىلاتلىرى قاتارلىق بازارلاردىكى ۋاستىچى تەشكىلاتلارنى راۋاجلاندۇرۇپ، ھەرىكەت مېخانىزمىنى ئىسلاھ قىلىپ، قانۇن مۇلازىـمەتچىلىك كەسپلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش مەسىلىسى؛ ئاپپاراتنى ئىخچاملاش، كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش، ئەنزە بىجىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ۋە خىراجەتنى كاپالەتلەندۈرۈش تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش مەسىلىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەر ئۈستىدە باش قاتۇرۇشى كېرەك. ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى قانۇن چىقىرىش تەدبىرلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش لازىم. «ساقچى قانۇنى»، «سوتچى نىزامى»، «تەپتىش نىزامى»، «ئادۇوكات قانۇنى»، «تۈرمە قانۇنى»، «رەسمىي گۇۋاھلىق بېرىش قانۇنى»، «تۆلەم قانۇنى» قاتارلىق قانۇنلارنى تۈزۈتىش ۋە تۈزۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش، جىنايى ئىشلار قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتىنى تېزلىتىش، سىياسىي قانۇن خىزمىتى ئىسلاھاتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى مۇشۇ قانۇنلار ئارقىلىق يېتەكلەش، ئىلگىرى سۈرۈش ۋە كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك.

**8. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىپ، سىياسىي قانۇن قوشۇنىنىڭ ئىنتىزام، ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك.**

سىياسىي قانۇن تارماقلىرى چىرىكلىككە قارشى كۈرەشتە ھەم ئاساسىي قوشۇننىڭ بىرى، ھەم مۇھىم تارماقنىڭ بىرى، شۇڭا سىياسىي قانۇن تارماقلىرى چىرىكلىككە قارشى كۈرەشكە پائال ئاتلىنىش بىلەن بىللە، باشلامچىلىق بىلەن ئۆزىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، بۇ ئىككى جەھەتتىكى ئىشنى بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قىلىشى لازىم. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىشتا، كەڭ كادىر ۋە ساقچىلارنى تەربىيىگە ئەگە قىلىشنى ئاساس قىلىش كېرەك. كادىر ۋە ساقچىلارنى «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى ئۆگىنىشكە ئەستايىدىل ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇش، ئۇلارنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنى ۋە بەلگىلىمىلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ئۇلارغا خەلقنىڭ نەمۇنىلىك چاكىرى ۋە قوغدىغۇچىسى بولۇش، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن ئالغلىق خىزمەت قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش لازىم. قەتئىي، دادىل تەدبىر قوللىنىپ، تۈرلۈك ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىپ، بارلىق چىرىكلىك قىلمىشلىرىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ سۈرۈشتۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىلغارلارنى تەقدىرلەپ، توغرا كەيپىياتنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، يامانغا

لەنەت ئوقۇش بىلەن ياخشىغا مەدەت بېرىشنى جانلىق بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئېنىقكى مۇھىمى، قەدىمكى ۋە ھازىرقى، جۇڭگو ۋە چەت ئەلدىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئەينەك قىلىپ، قانۇننى ئىجرا قىلىش تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى كۈچەيتىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش ۋە قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش ئىشلىرىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قائىدىگە سېلىش كېرەك.

1994-يىلى، سىياسىي قانۇن سېپىدىكى كادىر ۋە ساقچىلار ئارىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا مەركەزلەشتۈرۈپ تەربىيىلەش، تەرتىپكە سېلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىش توغرىسىدىكى تەربىيىنى، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا پاك بولۇش، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى تىرىشىپ ئىشلەش توغرىسىدىكى ۋە قانۇنچىلىق توغرىسىدىكى تەربىيىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش ئەنزىلىرىنى ئاممىغا تايىنىپ تەكشۈرۈپ، چىڭ تۇتۇپ قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش لازىم، ياماننى ئۆز رايىغا قويۇپ بېرىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. پارا ئېلىپ قانۇننى بۇزۇش، يۈز-خاتىر قىلىپ ساختىپەزلىك قىلىش، قاقتى-سوقتى قىلىش، قانۇنسىز يوللار بىلەن قاماش، قىيناپ سوراق قىلىپ، قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇش قاتارلىق چوڭ ۋە مۇھىم ئەنزىلەرنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، ”ئۈچ قالايمىقان“نى تەلتۆكۈس توسۇش كېرەك. مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان پاك بولۇش، ئۆزىگە تەلەپچان بولۇش تەلىپىنى، مەركىزىي سىياسىي قانۇن كومىتېتى تارقاتقان ”ئوننى قىلماسلىق“ ئۇقتۇرۇشىنى ۋە سىياسىي قانۇن تارماقلىرى تۈزگەن پاك بولۇش ئىنتىزامىنى ئىجرا قىلىشتا بارلىق سىياسىي قانۇن كادىر-ساقچىلىرى بۇيرۇققا قاتتىق ئىتائەت قىلىپ، ئۇنىڭدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، تەلەپچان، پاك بولۇشتەك ئىنتىزام ئىستىلىنى تېزدىن شەكىللەندۈرۈشى كېرەك.

**9. پارتىيىنىڭ سىياسىي قانۇن خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش كېرەك.**

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۆتۈش مەزگىلىدە، سىياسىي قانۇن خىزمىتىدە يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر كېلىپ چىقىپ تۇرىدۇ، سىياسىي قانۇن خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىلىرى ئېنىقكى ئېغىرلىشىدۇ، شۇڭا پارتىيىنىڭ سىياسىي قانۇن خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئالاھىدە زۆرۈر. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار مۇقىملىقنى قوغداش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ قانۇن تەرتىپىنى بەرپا قىلىش تەلىپىنى دەۋر قىلىپ، سىياسىي قانۇن خىزمىتىدە يولۇققان چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى دائىم تەتقىق قىلىپ ۋە ھەل قىلىپ، سىياسىي قانۇن تارماقلىرىنىڭ توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىشى، نازارەت قىلىشى ۋە مەدەت بېرىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر سىياسىي قانۇن تارماقلىرىنىڭ ئەنزە بىجىرىش راسخوتى ئېغىر ھالدا يېتىشمەسلىك، ئېنىقكى جەھەتتىن جابدۇنۇشى قالاق بولۇشتەك ئەمەلىي قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشقا ئېتىبار بېرىپ، دۆلەتنىڭ

دىكتاتۇرا ئورگانلىرىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەرنى نورمال قانات يايدۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوم سىياسىي قانۇن كومىتېتلىرى پارتىيىنىڭ سىياسىي قانۇن خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشنىڭ تەشكىلىي شەكلى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم سىياسىي قانۇن كومىتېتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك سىياسىي قانۇن كومىتېتلىرى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىنىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتكە ئاساسەن، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، پارتكوملارنىڭ ئوبدان مەسلىھەتچىسى ۋە ياردەمچىسى بولۇشى، سىياسىي قانۇن تارماقلىرىغا سىياسەت جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، سىياسىي قانۇن تارماقلىرىنىڭ خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇپ ۋە ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇلارنى زىچ ماسلىشىپ، قانۇن بويىچە بىر-بىرىنى چەكلەپ تۇرۇپ، بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان قىلىشى لازىم.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئالدىنقىلار قىلىپ باقمىغان ئۇلۇغ ئىش، شۇڭا سىياسىي قانۇن تارماقلىرىنىڭ ئالدىدىكى ۋەزىپە مۈشكۈل ھەم شەرەپلىك. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، بىجاندىللىق بىلەن ئىشلەپ، جاسارەت بىلەن ئىزدىنىپ، بىر نىيەتتە ماسلىشىپ، تۈرلۈك جەڭگىۋار ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئورۇنداپ، مۇقىملىقنى قوغداش، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا يېڭى تۆھپىلەرنى يارىتايلى!

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئالىمجان سابىت**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

www.uyghurkitap.com

# لېنىن ئىنسانىيەت تارىخىدا يېڭى دەۋر ئاچتى

## ——لېنىن ۋاپاتىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن

**يەن جىمىن**

1924-يىل 1-ئاينىڭ 21-كۈنى پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازى لېنىن بۇ ئالەم بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشتى. بۈگۈن ئۇنىڭ ۋاپاتىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەۋاتقىنىمىزدا، ئۇنىڭ پرولېتارىياتنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى ۋە ماركسىزمغا قوشقان كارامەت تۆھپىلىرىنى چەكسىز ھۆرمەت ھېسسىياتىمىز بىلەن چوڭقۇر ياد ئېتىمىز، ئۇ ئېچىپ بەرگەن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش يولىنى بويلاپ جاسارەت بىلەن ئالغا بېسىشقا ئىرادە باغلايمىز.

## دەۋر بۆلگۈچ تارىخىي تۆھپە

لېنىن——ماركس، ئېنگېلسلاردىن كېيىنكى ئەڭ ئۇلۇغ ماركسىزمچى، تۇنجى بولۇپ ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىنى رېئاللىققا، مىليونلىغان ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئايلاندۇرغان پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى، شۇنداقلا يېپيېڭى سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى بەرپا قىلغۇچى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش يولىنى ئاچقۇچى. لېنىن ئەركىن كاپىتالىزم دەۋرى مونوپول كاپىتالىزمغا ئۆزگەرگەن دەۋردە يەنى جاھانگىرلىك تارىخىي دەۋرىدە ياشىغان، ئۇ كاپىتالىزمنىڭ ئەڭ يېڭى تەرەققىيات ئۆزگىرىشىنى ماركسىزم مەيدانى، نۇقتىئىنەزىرى ۋە ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىلمىي يوسۇندا تەھلىل قىلىپ، جاھانگىرلىك دەۋرىدىكى پرولېتارىيات ئىنقىلابىغا دائىر بىر قاتار مەسىلىلەرگە جاۋاب بەردى، سوتسىيالىزم ئالدى بىلەن بىر ياكى بىرنەچچە دۆلەتتە غەلىبىگە ئېرىشىدۇ دېگەن مەشھۇر ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويدى، روسىيە پرولېتارىياتى ۋە ئەمگەكچىلەر ئاممىسىغا بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىپ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، دۇنيادا پرولېتارىيات دىكتاتۇرىلىقىدىكى تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەتنى قۇردى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇ داۋاملىق تۈردە روسىيە خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن سوۋېت دۆلىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، 14 دۆلەتنىڭ قوراللىق ئارىلىشىشىنى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى غەلىبىلىك تارمار قىلىپ، سوۋېت روسىيىسىنى خەلقئارا كاپىتالىزمنىڭ مۇھاسىرىسىدە ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇش، ئىنتايىن قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىش ئىمكانىيىتىگە

ئىگە قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىنلا ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشقاندىن كېيىن، پەيتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇرۇش ۋاقتى كوممۇنىزم سىياستىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتنى يولغا قويۇپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش يولى ئۈستىدە ئۇلۇغ ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، سوتسىيالىزمنى تونۇش ۋە سوتسىيالىزمنى قۇرۇشقا دائىر نۇرغۇنلىغان مۇھىم نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلەرنى ۋە ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېنىننىڭ ھاياتى ئۇلۇغ پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسىغا خاس ھايات، ئىچكى-تاشقى ئاغمىچىلا-رغا قارشى كۆرەش قىلغان ھايات، شۇنداقلا ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۈزلۈكسىز يول ئېچىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىگەن ھايات. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىي خاراكتېرلىك نەزەرىيە تەتقىقاتلىرى ۋە مەشھۇر ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى ئارقىلىق پرولېتارىياتنىڭ ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمنىڭ دۇنياۋى غەلىبىسى ئۈچۈن ئۇلۇغ خىزمەتلەرنى كۆرسەتتى ۋە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

ئىلگىرى دۇنيا ئەركىن كاپىتالىزم دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان مەزگىللەردە ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلاب ئاساسەن بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىك قىلغان دېموكراتىك ئىنقىلاب ئىدى، پرولېتارىيات رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلاب قىسمەن، ئايرىم ئىنقىلابتىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئارقا-ئارقىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانىدى. لېنىن رەھبەرلىك قىلغان ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى دۇنيانىڭ كونا بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاب ئاساس قىلىنغان دەۋردىن پرولېتارىياتلىق سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ئاساس قىلىنغان دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بەردى، ئۇ پۈتۈن دۇنيا پرولېتارىياتىنىڭ ئىنقىلابقا بولغان ئىشەنچىسىگە ۋە جاسارىتىگە ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئىلھام بەردى، ئۇلارنى مۇۋەپپەقىيەت ئۈلگىسى ۋە تەجرىبىلىرى بىلەن تەمىن ئەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، پرولېتارىيات ئىنقىلابى دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەردە كەڭ قانات يايدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئېچىپ بەردى.

ئىلگىرى سوتسىيالىزم بىر خىل نەزەرىيە ئىدى، لېنىن رەھبەرلىك قىلغان ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى سوتسىيالىزمنى جانلىق ئىجتىمائىي تۈزۈمگە ئايلاندۇردى، شۇنىڭدىن كېيىن، كاپىتالىستىك تۈزۈم ۋە باشقا ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈملىرى دۇنيادا ھۆكۈم سۈرىدىغان ۋەزىيەت بۇزۇپ تاشلاندى. سوتسىيالىزم ئاۋۋال دۇنيا يەر مەيدانىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان روسىيىدە مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندى، كېيىن ياۋروپا، ئاسىيا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى بىر قاتار ئەللەردە غەلىبىگە ئېرىشتى ھەمدە ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى ۋە ياغەت زور ئەۋزەللىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە نامايەن قىلدى.

ئىلگىرى پرولېتارىيات ۋە ئەمگەكچى خەلق قۇل قىلىنىش ئورنىدا تۇراتتى، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېكسپلاتاتسىيىگە، سىياسىي جەھەتتە زۇلۇمغا ئۇچرايتتى، روھىي جەھەتتە نادانلىقتا قالدۇرۇلغانىدى. لېنىن رەھبەرلىك قىلغان ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پومېشچىك-بۇرژۇئازىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، كىشىنى

www.uyghurkitap.com

كىشى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىدىغان، كىشىنى كىشى ئېزىدىغان تۈزۈمنى يوقاتتى، بۇنىڭ بىلەن، سوتسىيالىستىك ئەللەردىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى، ئۇلار دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى، ئۆزى ئۈچۈن، جەمئىيەت ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەيدىغان بولدى، ئەركىنلىك ھوقۇقىدىن ۋە دېموكراتىيە ھوقۇقىدىن ھەقىقىي تۈردە بەھرىمان بولدى. لېنىن رەھبەرلىك قىلغان ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيانقى مىللىي ئېكسپلاتاتسىيە ۋە مىللىي زۇلۇم مۇناسىۋىتىنىمۇ ئۆزگەرتىپ، ئىتتىپاقلىق، باراۋەرلىك ۋە ھەمكارلىق ئاساسىدىكى يېڭىچە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلدى.

ئىلگىرى مىللىي مۇستەملىكە ئازادلىق ھەرىكىتى كەينى-كەينىدىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان، ئۇنىڭدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىنتايىن قىيىن بولغانىدى، لېنىن رەھبەرلىك قىلغان ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، سوتسىيالىستىك ئەللەر مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە ئەللەردىكى خەلقنىڭ ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن ئۈلگە تىكلەپ بەردى، نىشان ۋە يول كۆرسىتىپ بەردى، شۇنداقلا غايەت زور ئىلھام ۋە مەدەت بەردى، بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى كومپارتىيە ئۆز دۆلىتىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىك قىلغۇچىسى بولۇپ قالدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە دۇنيادىكى مۇستەملىكە خەلقلىرىنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتى بىۋاستە سوتسىيالىزم ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا تۇرىدىغان بولدى، مۇستەملىكە خەلقلىرىنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتى بىلەن سوتسىيالىزم ھەرىكىتى ئۆزئارا ماسلىشىپ، بىر-بىرىگە مەدەت بېرىپ، دۇنيا بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمىدىن دۇنيا پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمىغا، دۇنيا بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ ئىتتىپاقداش قوشۇنىدىن دۇنيا پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ ئىتتىپاقداش قوشۇنىغا ئايلاندى. لېنىن ئوتتۇرىغا قويغان "پۈتۈن دۇنيادىكى پرولېتارلار، ئېزىلگۈچى مىللەتلەر ۋە ئېزىلگۈچى خەلقلەر بىرلىشىڭلار" دېگەن شوئارنىڭ ئىلھامى ئاستىدا، يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، مۇستەملىكە خەلقلىرىنىڭ ئازادلىق كۈرىشى شىددەت بىلەن ئۇلغىيىپ، ئارقا-ئارقىدىن يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، ئاخىر جاھانگىرلىكنىڭ مۇستەملىكە سىستېمىسىنى يىمىرىپ تاشلىدى، نەتىجىدە دۇنيادا مىللەتلەر مۇستەقىل بولغان يۈز نەچچە دۆلەت قۇرۇلۇپ، دۇنيانىڭ ئەندىزىسى تۈپتىن ئۆزگەرتىلدى.

ئىلگىرى ماركسىزمنىڭ تەسىرى ئاساسەن ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ھەرقايسى ئەللەردىكى ئىشچىلار ھەرىكىتى دائىرىسىدىلا بولغانىدى. لېنىن رەھبەرلىك قىلغان ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ماركسىزمنىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلابى ۋە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى توغرىسىدىكى تەلىماتىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ، ئىككىنچى ئىنتېرناتسىئونال شىۋجېڭجۇيىچىلىرىنىڭ تەلتۆكۈس بەربات بولغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇ ماركسىزمنىڭ پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىشىغا، ماركسىزمنىڭ ھەرقايسى ئەللەردىكى ئىشچىلار ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشىگە، يېڭىچە ماركسىزملىق پارتىيە—كومپارتىيىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. بىز جۇڭگولۇقلارنىڭ ماركسىزمنى قوبۇل قىلغانلىقىمىزمۇ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنى قۇرغانلى-

قىممىزمۇ لېنىن رەھبەرلىك قىلغان ئۆكتەبىر ئىنقىلابى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، خۇددى يولداش ماۋزېدۇڭ ئېيتقاندەك: "ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ زەمبىرەك ئاۋازى بىزگە ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئېلىپ كەلدى." («ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە 3-نەشرى، 4-توم، 2830-بەت) ماركسىزمنىڭ پۈتۈن دۇنيادا كەڭ تارقىلىشى ۋە ھەرقايسى ئەللەردە كومپارتىيىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلۇشى دۇنيانىڭ تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋەتتى.

لېنىن رەھبەرلىك قىلغان روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى يەر-جاھاننى لەرزىگە سالىدىغان ماركسىزمدىن ئىبارەت زەپەر مارشىنىڭ ياڭراق ساداسى، خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ پارلاق سەھىپىسى، شۇنداقلا سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى ئۇلۇغ تارىخىي سەكرەش ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىپ، پۈتكۈل دۇنيا تارىخىنى دەۋرگە بۆلدى. خۇددى يولداش ماۋزېدۇڭ ئېيتقاندەك: "ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى روسىيە تارىخىدىلا يېڭى دەۋر ئېچىپ قالماستىن، بەلكى دۇنيا تارىخىدىمۇ يېڭى دەۋر ئاچتى."(«ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» ئۇيغۇرچە 3-نەشرى، 1-توم، 610-بەت)

## ماركسىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ماركسىزمنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ شانلىق نەمۇنىسى

لېنىننىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدا يېڭى دەۋر ئاچالىشىدىكى سەۋەبلەر كۆپ تەرەپلىك، ئەڭ ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، ئۇ ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى يېڭى دەۋرنىڭ شارائىتى ۋە روسىيە ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ماركسىزمدا چىڭ تۇردى ۋە ماركسىزمنى راۋاجلاندۇردى.

ئېنگېلس ۋاپات بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، بېرنشتېين، كائۇتسكى ۋەكىللىكىدىكى شىۋجىڭجۇيىلىق پىكىر ئېقىمى قاتتىق ئەۋج ئېلىپ كەتتى، ئۇلار دەۋر ئۆزگەردى دېگەننى باھانە قىلىپ، ماركسىزملىق پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىساد ۋە ئىلمىي سوتسىيالىزمغا ئومۇميۈزلۈك تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى ئىنكار قىلىپ، "ماركسىزمنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى" دېگەن نەرسىنى بازارغا سالدى. شىۋجىڭجۇيىلىق پىكىر ئېقىمىنىڭ غالجىرانە ھۇجۇمى ئالدىدا، لېنىن ماركسىزم بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاغمىچىلارغا قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ، شىۋجىڭجۇيىنىڭ ماھىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى، ئىجتىمائىي مەنبەسىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلاپ، ئىنتايىن قىيىن شارائىتتىمۇ ماركسىزمدا چىڭ تۇردى ۋە ماركسىزمنى قوغدىدى، ماركسىزمدىن يۈز ئۆرۈگەن ئىككىنچى ئىنتېرناتسىئونالنى ئۇزۇل-كېسىل بەربات قىلدى. ئۇلۇغ لېنىنىزم خەلقئارا شىۋجىڭجۇيىغا، روسىيە ئىقتىسادۋازلىقىغا ۋە مېنشېۋىكلارغا قارشى كۈرەش داۋامىدا ۋۇجۇدقا كەلدى ۋە راۋاجلاندى. ماركسىزمدا چىڭ تۇرۇش بىلەن ماركسىزمنى

راۋاجلاندۇرۇشنى دىئالېكتىك ئاساستا بىرلەشتۈرۈش، ماركسىزمدا چىڭ تۇرۇش كۈرىشى داۋامىدا ماركسىزمنى راۋاجلاندۇرۇش، ماركسىزمنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق ماركسىزمدا تېخىمۇ ياخشى چىڭ تۇرۇش—— مانا بۇ ماركسىزمغا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە لېنىننىڭ بىزگە يارىتىپ بەرگەن ئەڭ مۇھىم تەجرىبىسىدۇر.

لېنىننىڭ ماركسىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ماركسىزمنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى تۆپ يولى ماركسىزم مەيدانى، نۇقتىئىنەزىرى ۋە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، جاھانگىرلىك دەۋرى ۋە روسىيە ئىنقىلابى دۇچ كەلگەن چوڭ-چوڭ نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىلمىي يەكۈن چىقىرىشتىن ئىبارەت.

لېنىن 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى دەۋر ئۆزگىرىشىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ئەينى ۋاقىتتا تاپقىلى بولىدىغان جاھانگىرلىككە دائىر ماتېرىياللارنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىپ، «جاھانگىرلىك كاپىتالىزمنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچى» دېگەن دەۋر بۆلگۈچ ئۆچمەس ئەسەرنى يېزىپ، ماركسنىڭ «كاپىتال» دېگەن ئەسىرى نەشىردىن چىققاندىن كېيىنكى يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت داۋام قىلغان كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى يەكۈنلەپ، جاھانگىرلىك دەۋرىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى، ئۇنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى ۋە تۈرلۈك زىددىيەتلىرىنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىپ، كاپىتالىزمنىڭ يېڭى باسقۇچى——جاھانگىرلىكنىڭ شەكىللىنىش، راۋاجلىنىش ۋە مۇقەررەر ھالاك بولۇش قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بەردى.

لېنىن ماركسىزمنى روسىيە ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇشىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئىجادىي يوسۇندا تەتبىقلاپ، ماركسىزمنى راسا بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى. پرولېتارىيات ئىنقىلابى توغرىسىدىكى مەسىلىلەردە ئۇ ماركسنىڭ پرولېتارىياتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى ۋە ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقى توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى ئىجادىي يوسۇندا راۋاجلاندۇرۇپ، ئىشچىلار سىنىپى بىلەن دېھقانلارنىڭ ئىتتىپاق تۇرۇشى ئىنقىلابنىڭ غەلىبە قازىنىشىنىڭ ھەل قىلغۇچ شەرتىدۇر دەپ ئوتتۇرىغا قويدى؛ ئۇ ماركسنىڭ ھاكىمىيەتنى قوراللىق تارتىۋېلىش توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ يولىنى ئاچتى. پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى نەزەرىيىسى جەھەتتە، ئۇ ماركسنىڭ سىنىپىي كۈرەش تەلىماتىنى ۋە دۆلەت تەلىماتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، پرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۈرىشى مۇقەررەر ھالدا پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئېتىراپ قىلىش-قىلماسلىق راس ماركسىزم بىلەن يالغان ماركسىزمنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ سىناق تېشىدۇر دەپ ئوتتۇرىغا قويدى؛ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى خەلققە قارىتىلىدىغان دېموكراتىيە ۋە دۈشمەنگە قارىتىلىدىغان دىكتاتۇرىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، پرولېتارىيات دېموكراتىيىسى زور كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ دېموكراتىيىسىدىن، تېخىمۇ يۇقىرى تىپتىكى دېموكراتىيىدىن ئىبارەت؛ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ ماھىيىتى

زورلۇق كۈچتە ئەمەس، بەلكى ئاساسلىقى زورلۇق كۈچتە ئەمەس دەپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ؛ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ شەكلى خىلمۇخىل بولىدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئالغان بولىدۇ دەپ ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ سوۋېت شەكلىنى ياراتتى. پارتىيە قۇرۇلۇشى جەھەتتە، ئۇ ماركسنىڭ پارتىيە قۇرۇش ئىدىيىسىنى بېيىتىپ، ماركسىزملىق پارتىيە قۇرۇشنىڭ سىستېمىلىق تەلىماتىنى بەرپا قىلدى. ئۇ مۇنداق دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى: پارتىيە پرولېتارىياتنىڭ ئىلغار قىسمى، شۇنداقلا پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى؛ پەقەت ماركسىزمنى يېتەكچى قىلغان پارتىيىلا ئاۋانگارت جەڭچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ؛ پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى بىرلىكىنى تەشكىلىي بىرلىك ئارقىلىق مۇستەھكەملەش كېرەك، پارتىيىدە دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ۋە قاتتىق پارتىيە ئىنتىزامىنى يولغا قويۇش كېرەك.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، لېنىن پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەشكە ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا دائىر مەسىلىلەرنى داۋاملىق تۈردە ماركسىزمنى تەتبىقلاپ ھەل قىلدى. ئۇ روسىيىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىچكى-تاشقى ۋەزىيىتىنى ۋە سىنىپىي مۇناسىۋەتلىرىنى ئىلمىي يوسۇندا تەھلىل قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنى ۋە ئۇلۇغ ئىجادىيەتلىرىنى يەكۈنلەپ، ماركسىزمنىڭ سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيىلىرىنى ئىجادىي يوسۇندا راۋاجلاندۇرۇپ، ئىقتىساد-مەدەنىيىتى نىسبەتەن ئارقىدا قالغان دۆلەتتە سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە ئۇلۇغ ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ باردى. لېنىن، بىر تەرەپتىن، ئىككىنچى ئىنتېرناتسىئونال بىلەن روسىيە مېنشېۋىكلىرىنىڭ داھىيلىرىنىڭ ئىقتىساد-مەدەنىيىتى نىسبەتەن ئارقىدا قالغان روسىيىدە سوتسىيالىزم قۇرۇش مۇمكىن ئەمەس دېگەن سەپسەتىسىگە رەددىيە بېرىپ، سوتسىيالىزم يۆنىلىشى بويىچە تەۋرەنمەي ئىلگىرىلىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتى نىسبەتەن ئارقىدا قالغان روسىيىدەك دۆلەتتە سوتسىيالىزم قۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىنتايىن سەگەكلىك بىلەن كۆردى، روسىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىنى ئىشچى-دېھقانلار ھاكىمىيىتى ۋە سوۋېت تۈزۈمى ئاساسىدا غەربتىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭكىگە يەتكۈزۈشكە بەل باغلىدى. ئۇ قايتا-قايتا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "كوممۇنىزم سوۋېت ھاكىمىيىتى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئېلېكترلەشتۈرۈلۈشىنىڭ قوشۇلمىسىدۇر" («لېنىن ئەسەرلىرى»، 2-نەشرى، 40-توم، 156-بەت) "سوۋېت ھاكىمىيىتى+پروسسىيە تۆمۈر يولى تەرتىپى+ئامېرىكىنىڭ تېخنىكىسى ۋە ترېست تەشكىلاتى+ ئامېرىكىنىڭ مىللىي مائارىپى قاتارلىق، قاتارلىقلار++=يىغىندىسى=سوتسىيالىزم" («لېنىن ئەسەرلىرى»، 2-نەشرى، 34-توم، 520-بەت) .ئۇ يەنە قايتا-قايتا مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: "ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى، ئېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، يېڭى ئىجتىمائىي تۈزۈمنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ئاساسلىق

نەرسىدۇر.»(«لېنىن ئەسەرلىرى»، 2-نەشرى، 37-توم، 18-بەت)

سوتسىيالىزم ئۇستىدىكى بۇ بىلىشكە ئاساسەن، لېنىن مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويدى: پرولېتارىياتنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش ۋەزىپىسى ئورۇندالغاندىن كېيىن، مەھرۇم قىلغۇچىلارنى مەھرۇم قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش ۋەزىپىسىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن ۋە ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەمگەك ئۇنۇمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا بۇراش كېرەك. لېنىن سوۋېت روسىيىسىنىڭ ئېلېكتىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئۆز قولى بىلەن تۈزۈپ بەردى. ئۇ ئىقتىسادتا ئارقىدا قالغان روسىيىدەك دۆلەتتە سوتسىيالىزمنى يولغا قويۇش ئۈچۈن بىر قاتار ئالاھىدە ئۆتكۈنچى چارىلەرنى يولغا قويماي بولمايدىغانلىقىنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈپ يەتتى ھەمدە بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ تۈرۈپ يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتنى تۈزۈپ چىقتى. لېنىن مۇنداق دەپ قارىدى: ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، غەيرىي سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تەركىبنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تەركىب بىلەن بىللە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇش ھەمدە ئۇنى "سوتسىيالىزمنىڭ ياردەمچىسى قىلىش كېرەك" («لېنىن ئەسەرلىرى»، 2-نەشرى، 41-توم، 221-بەت)؛بازارنى قويۇۋېتىش، تاۋار ئالماشتۇرۇشنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك، سودا ۋە پۇل ئوبوروتىنى دۆلەت تەڭشىشى لازىم. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ خەلقئارا مۇھىتىغا كاپالەتلىك قىلىشنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇ سوۋېت روسىيىسى كاپىتالىستىك ئەللەر بىلەن تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشى كېرەك دېگەن مەشھۇر نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىش، بولۇپمۇ ھازىرقى زامان غەرب كاپىتالىستىك ئەللىرىنىڭ ئەڭ يېڭى مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق سوتسىيالىزم قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى ھەمدە ئىجارىگە بېرىش، ئۆتكۈنۈپ بېرىش قاتارلىق ئۇنۇملۇك دۆلەت كاپىتالىزمى شەكلىنى يارىتىپ، غەرب ئەللىرىنىڭ مەبلىغى، تېخنىكىسى، ئۇسكۈنىسى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى جەلپ قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇردى، سوتسىيالىزمنىڭ ماددىي-تېخنىكىۋى ئاساسىنى كۈچەيتتى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىدى.

لېنىننىڭ بۇ نەزەرىيىلىرى ئۇنىڭ روسىيىنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىشى ۋە بۇنىڭغا دائىر مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى داۋامىدا شەكىللەنگەن، ئۇ روسىيىنىڭ تۇپرىقىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. بىز بۇ نەزەرىيىلەرنى ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغان ۋاقىتتا، بۇ نەزەرىيىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋاقتى، شارائىتى ۋە ئورنىغا دىققەت قىلىشىمىز لازىم؛ ئەمما مۇھىمى شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، لېنىنىزم جاۋاب بەرگەن تۈپ مەسىلىلەر، مەسىلەن، جاھانگىرلىك توغرىسىدىكى مەسىلە، پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى مەسىلىسى، پرولېتارىيات ئىنقىلابى ۋە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى مەسىلىسى، مىللىي مۇستەملىكە ئازادلىق

ھەرىكىتى مەسىلىسى، سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ تاشقى ئالاقىسى مەسىلىسى قاتارلىق مەسىلىلەر مەلۇم بىر دۆلەتتىكى مىللەتلەرگىلا خاس مەسىلە بولماستىن، بەلكى ئومۇمىي خاراكتېرگە ئىگە مەسىلىدۇر. لېنىننىڭ روسىيىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئومۇمىي خاراكتېرگە ئىگە بولغان بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشى ۋە ئۇنى ھەل قىلىشى ئىنسانلار بىلىشىنىڭ قىسمەنلىكتىن ئومۇمىيلىققا ئۆتۈشىدىن ئىبارەت قانۇنىيەتكە تامامەن ئۇيغۇن. خۇددى ماركسىزم گېرمانىيىدە ۋە غەربىي ياۋروپا ئەللىرىدە بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئېچىپ بەرگەن ئىلمىي ھەقىقەت گېرمانىيىگە ۋە غەربىي ياۋروپا ئەللىرىگە باب كېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغىنىغا ئوخشاش، لېنىن ھاسىل قىلغان ئىلمىي بىلىشنىڭ ئەھمىيىتىمۇ ھەرگىز روسىيە بىلەنلا ياكى شەرقتىكى مەملىكەتلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. لېنىنىزم ئىقتىساد-مەدەنىيىتى نىسبەتەن ئارقىدا قالغان روسىيىدە بارلىققا كەلگەن دېگەننى باھانە قىلىپ، ئۇنىڭ ئومۇمىي ئەھمىيىتىنى ئىنكار قىلىش نەزەرىيە جەھەتتىمۇ، ئەمەلىيەت جەھەتتىمۇ پۈت دەسسەپ تۇرالمايدۇ. 20-ئەسىردىكى دۇنيا تارىخى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، لېنىنىزم——راۋاجلانغان ماركسىزم. ماركسىزمدا چىڭ تۇرۇش بىلەن لېنىنىزمدا چىڭ تۇرۇش بىردەكلىككە ئىگە، بۈگۈنكى دەۋردە ماركسىزمدا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن لېنىنىزمدا چىڭ تۇرۇش كېرەك، لېنىنىزمغا ئېتىقاد قىلغان كىشىلا ھەقىقىي ماركسىزمچى ھېسابلىنىدۇ، لېنىنىزمغا ئېتىقاد قىلمىغاندا، ماركسىزمدا چىڭ تۇرۇشتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. دەرۋەقە بىز لېنىنىزمدا چىڭ تۇرۇشتىمۇ لېنىننىڭ ماركسىزمدا چىڭ تۇرغىنىغا ئوخشاش چىڭ تۇرۇش بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈشىمىز، ھازىرقى دۇنيادىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ماركسىزم-لېنىنىزم مەيدانى، نۇقتىئىنەزىرى ۋە ئۇسۇلى ئارقىلىق تەتقىق قىلىپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا ماركسىزم-لېنىنىزمنى داۋاملىق بېيىتىشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

## لېنىن ئېچىپ بەرگەن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش يولىنى بويلاپ باتۇرانە ئالغا باسايلى.

لېنىننىڭ ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئېچىپ بەرگىنىگە 70 نەچچە يىل بولدى، پۈتۈن دۇنيانىڭ قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى، روسىيە ئۆكتەبر ئىنقىلابىدىن كېيىن دۇنيا پرولېتارىيات ئىنقىلابى بىر قاتار دۆلەتلەردە غەلىبىگە ئېرىشتى، مۇستەملىكە جايلاردا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى تېز ئەۋج ئېلىپ، جاھانگىرلىكنىڭ مۇستەملىكە سىستېمىسى گۇمران بولدى.

لېكىن تارىخ تەرەققىياتى ھېمىشە ئوڭۇشلۇق بولۇۋەرمەيدۇ. "تارىخ پائالىيەتلىرى نېۋا كوچىسىدىكى پىيادىلەر يولى ئەمەس."(«لېنىن ئەسەرلىرى» 2-نەشرى، 35-توم، 55-بەت)بۇ لېنىن كۆپ قېتىم نەقىل كەلتۈرگەن روسىيە ئىنقىلابچىسى چېرنىشېۋسكىينىڭ ھېكمەتلىك سۆزىدۇر. ئىنقىلاب يولى كەڭ، تۈپتۈز، ئۇدۇل بولماستىن، بەلكى ئەگرى-توقاي، ئېگىز-پەس بولىدۇ، ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدا چېكىنىش، ھەتتا زور تەكرارلىنىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ، سوتسىيالىزم يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت زەپەر مارشىنى

ياغرىتىپ ئىلگىرىلىگەندىن كېيىن، 80-يىللارنىڭ ئاخىرى، 90-يىللارنىڭ باشلىرىدا بەزى دۆلەتلەردە جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، دۇنيا سوتسىيالىزمى تۆۋەن دولقۇنغا چۈشۈپ قالدى.

بۇنداق ۋەزىيەتتە بەزى كىشىلەر ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا لېنىننى قارىلاپ، لېنىنىزمنى ئىنكار قىلدى، لېكىن تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر: لېنىن يولىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتىمۇ، يوق؟ لېنىننىڭ بايرىقىنى داۋاملىق ئېگىز كۆتۈرۈش كېرەكمۇ، يوق؟ دەپ تېگىرقاپ قېلىشتى. بىزنىڭچە، سوتسىيالىزمنىڭ بەزى دۆلەتلەردە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىشىغا لېنىنىزم سەۋەبچى بولغان ئەمەس، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، بۇ، لېنىننىڭ بايرىقىنى تاشلىۋېتىپ، لېنىنىزمدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدۇر.

نۆۋەتتە كۆرۈلگەن ۋەزىيەت لېنىن ئەينى يىللاردا دۇچ كەلگەن 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى دۇنيا ۋەزىيىتىگە مەلۇم مەنىدە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ ئىككىلا دەۋر كاپىتالىزم تىنچ تەرەققىي قىلىۋاتقان دەۋردۇر. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى غايەت زور دەرىجىدە يۈكسەلگەن ۋە مۇشۇ سەۋەبتىن كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى زور دەرىجىدە تەڭشىلىۋاتقان، كوممۇنىزم ھەرىكىتى يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەن ئەھۋالدا، ئىككىنچى ئىنتېرناتسىئونال ۋە زور كۆپ ساندىكى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ئارقا-ئارقىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئاغمىچىلار پارتىيىسىگە ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. بۈگۈنكى كۈندە، سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرمۇ كاپىتالىزم نىسبىي مۇقىم ھالەتتە تۇرۇۋاتقان، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلىنىۋاتقان ۋە شۇ سەۋەبتىن خۇسۇسىي مونوپول كاپىتالىزم دۆلەت مونوپولىيىسىگە ئۆزگىرىۋاتقان، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېغىر قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى، بۇنداق ئەھۋالدا، بەزى كىشىلەر ماركسىزم-لېنىنىزمدىن ۋە سوتسىيالىزم يولىدىن تەۋرىنىپ، كاپىتالىزمغا بۇرالدى. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى تارىخىي تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدىكى، خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەر، سوتسىيالىزم تەرەققىياتى ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېڭى مەسىلىلەر، بىر تەرەپتىن، كىشىلەرنى ئوڭايلا گاڭگىرىتىپ ھەتتا نىشاندىن ئاداشتۇرۇپ قويىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى چۈشەندۈرۈش ۋە بۇ يېڭى مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى ئۆز نۆۋىتىدە كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ پەيدا قىلىپ، ماركسىزمنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەگەر بىز لېنىنغا ئوخشاش ھەم ماركسىزمدا چىڭ تۇرساق، ھەم دەۋر ۋە ئېلمىز ئىنقىلابى، قۇرۇلۇشى ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ماركسىزمنى راۋاجلاندۇرساق، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى يېڭى بىر باسقۇچقا سىلجىتىپ، شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز. ئەكسىچە، ئەگەر يېڭىدىن كېلىپ چىققان ئەھۋاللار بىلەن قايمۇقۇپ، دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلاردىن قورقۇپ كېتىپ، ماركسىزمدىن ۋاز كېچىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا ئەينى يىللاردىكى ئىككىنچى ئىنتېرناتسىئونال ۋە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ مەغلۇبىيەت يولىغا قايتا دەسسەپ قېلىپ،

ئۇزۇل-كېسىل بەربات بولىمىز. شۇڭا، نۆۋەتتە سوتسىيالىزمنى گۈللەندۈرۈشتىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە ماركسىزم-لېنىنىزمدا چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا ماركسىزم-لېنىنىزمنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئەمەلىيەت ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىش ۋە ئۇنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت، بۇنىڭدىن باشقا يول يوق.

دەرۋەقە، ئىنقىلاب تۆۋەن دولقۇنغا چۈشۈپ قالغان ئەھۋالدا، ماركسىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ماركسىزمنى راۋاجلاندۇرۇش ئوڭاي ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈچۈن غايەت زور جاسارەت ۋە كۈچلۈك ئىرادە بولۇشى كېرەك. ئەينى يىللاردا لېنىن ماركسىزمدا چىڭ تۇرغان ۋاقىتتا، ئىككىنچى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچرىغان، سوتسىيالىزم ئاۋۋال بىر دۆلەتتە غەلىبىگە ئېرىشىدۇ دېگەن تەلىماتنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋاقىتتا، «ساراڭ» دەپ مەسخىرە قىلىنغان، سوتسىيالىزم قۇرۇشتا چىڭ تۇرغان ۋاقىتتا، «ئۇتوپىيە بىلەن شۇغۇللاندى» دەپ ئەيىبلەنگەن. ئۇلۇغ لېنىن بۇنداق ھۇجۇم، تىل-ئاھانەت ۋە مەسخىرىلەردىن قورقۇپ كەتمىدى، ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش داۋامىدىكى غايەت زور قىيىنچىلىقلارغا باش ئەگمىدى، ئۇ مۇشكۈل شارائىتتا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان جاسارىتى بىلەن باتۇرانە ئىلگىرىلەپ، ماركسىزمدا چىڭ تۇردى ۋە ماركسىزمنى راۋاجلاندۇردى. سوتسىيالىزم تۆۋەن دولقۇنغا چۈشۈپ قالغان بۈگۈنكى دەۋردە، ماركسىزم-لېنىنىزمدىن گۇمانلىنىدىغان، تەۋرىنىدىغان ۋە ئۇنى ھەرنېمە دەپ ئەيىبلەيدىغان ئەھۋاللار ئالدىدا، بىز لېنىننىڭ ئىچكى-تاشقى دۈشمەنلەرگە، ئاغمىچىلارغا ۋە تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا قارشى كۈرەش قىلىشتەك جاسۇرانە روھىنى، قاتتىق سىناقلار ئالدىدا قىلچە تەۋرەنمەس روھىنى، ئىلمىي سوتسىيالىزمغا قەتئىي ئىشىنىش ۋە ئىلمىي سوتسىيالىزمغا قەتئىي ئىنتىلىش روھىنى تېخىمۇ ئۆگىنىپ، ماركسىزم-لېنىنىزم بايرىقىنى داۋاملىق ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەققانىيەت يولىدىن قايتماي سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ئالغا سۈرۈشىمىز كېرەك.

لېنىنىزم مەلۇم دۆلەتلەردە ئىنكار قىلىنغان ۋە قارىلانغان بولسىمۇ، لېكىن لېنىننىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسى مۇشۇ دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى ئەللەر خەلقىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ساقلىنىدۇ. لېنىننىڭ نەزەرىيىلىرى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىگە مەڭگۈ زور تەسىر كۆرسىتىدۇ، لېنىنىزم خەلقئارا ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ ۋە سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ غەلىبىسېرى ئىلگىرىلىشىگە داۋاملىق يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرى، پرولېتارىيات ئىنقىلابى ھەرىكىتى پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا تۆۋەن دولقۇنغا چۈشۈپ قالغان، بىراق روسىيە ئىنقىلابىلا پارلاق غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە دۇنيا ئىنقىلابىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرگەنىدى. بۈگۈنكى كۈندە، بەزى دۆلەتلەردىكى كەسكىن ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ دۇنيا سوتسىيالىزمى يەنە تۆۋەن دولقۇنغا چۈشۈپ قالدى، كىشىلەر دەل قايمۇقۇپ ۋە گاڭگىراپ قېلىۋاتقان ۋاقىتتا، جۇڭگو كومپارتىيىسى ماركسىزم-لېنىنىزم بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، لېنىن ئېچىپ بەرگەن سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ داۋاملىق باتۇرانە ئىلگىرىلەپ، جۇڭگوچە

سوتسيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلىپ، ئىقتىساد-مەدەنىيىتى بىر قەدەر ئارقىدا قالغان جۇڭگودەك دۆلەتتە سوتسيالىزمنى قانداق قۇرۇش مەسىلىسىگە دەسلەپكى قەدەمدە سىستېمىلىق جاۋاب بېرىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا پۈتۈن دۇنيا كۆز تىككۈدەك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، ھازىر ئېلىمىزدە سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم بولغان، ئىقتىساد تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىۋاتقان جانلىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. دۆلىتىمىز بىر مىليارد بىر يۈز مىليون ئاھالىگە ئىگە چوڭ دۆلەت، بىز سوتسيالىزم بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىگە ئەمەل قىلىپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، دۆلىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىدىغان بولساقلا، دۇنيا سوتسيالىزم ئىشلىرىدا ئۈمىد زور.

(ئاپتور: بېيجىڭ داشۆسى ماركسىزم-لېنىنىزم تەتقىقاتى ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پروفېسسور)

**تەرجىمە قىلغۇچى: رىسالەت ئابلا**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئالىمجان سابىت**

# باج ئايرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش نۆۋەتتىكى مالىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى

شياڭ خۇەيچېڭ

پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار»دا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىي رامكىسى ھەر تەرەپلىمە شەرھلىنىپ، پەيتنى قولدىن بەرمەي بەزى مۇھىم ھالقىلاردا بۆسۈشنى ھاسىل قىلىشتىن ئىبارەت ئىسلاھات ستراتېگىيىسى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان مالىيە-باج تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى دەل بۆسۈشنى ھاسىل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ناھايىتى مۇھىم بىر ھالقا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىسلاھاتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرىدىن بىرى ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان يەرلىك مالىيە ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىنى مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى مۇۋاپىق ئايرىش ئاساسىدىكى باج ئايرىش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت.

## 1

باج ئايرىش تۈزۈمى بازار ئىگىلىكى پرىنسىپلىرى ۋە جامائەت مالىيىسى نەزەرىيىسى ئاساسىدا تىكلەنگەن بىر خىل مالىيىنى دەرىجىگە بۆلۈپ باشقۇرۇش تۈزۈمىدۇر. باج ئايرىش تۈزۈمى بازار ئىگىلىكى تەرەققىي تاپقان غەرب ئەللىرىدە يولغا قويۇلغىنىغا يۈز يىلدىن ئاشقان بولۇپ، ھازىر ئۇنىڭدا بىر قەدەر ئىلمىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولغان بىر يۈرۈش باشقۇرۇش تۈزۈملىرى شەكىللىنىپ بولدى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردىكى ئوخشاش بولمىغان مەسئۇلىيىتىگە ئاساسەن، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرگە خىزمەت ھوقۇقى بۆلۈپ بېرىلىدۇ، ھۆكۈمەتلەرگە بۆلۈپ بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقىغا ئاساسەن ھەر دەرىجىلىك مالىيىنىڭ چىقىم قىلىش دائىرىسى بەلگىلىنىدۇ، مالىيە ھوقۇقى بىلەن خىزمەت ھوقۇقىنى بىر-بىرىگە ئاساسىي جەھەتتىن مۇناسىپ كەلتۈرۈش پرىنسىپى ئاساسىدا، باج تۈرلىرى بويىچە ھەر دەرىجىلىك مالىيەلەرنىڭ كىرىمى ئايرىلىدۇ، يەرلىكنىڭ مالىيە چىقىمىنى مۇۋاپىق بەلگىلەش ئاساسىدا، مەركەز مالىيىسىنىڭ يەرلىككە قايتۇرۇش ۋە يۆتكەش-تۆلەش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، باج ئايرىش تۈزۈمى بازار ئىگىلىكى تۈزۈمىدىكى غەرب ئەللىرىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مالىيە تەقسىماتى مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى بىر قەدەر قېلىپلاشقان چارىسى بولۇپ قالدى.

دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا قارايدىغان بولساق، شۇنى كۆرۈۋالىمىزكى، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان مالىيە ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىسى گەرچە ئۆتكەنكى يىللاردا ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن بازارنىڭ بايلىقنى تەقسىم قىلىشتىكى رولىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ نۇقسانلىرىمۇ بارغانسېرى ئاشكارىلانماقتا، بۇ نۇقسانلار، ئاساسلىقى، مۇنۇلاردىن ئىبارەت: باجنىڭ تەڭشەش ئىقتىدارى ئاجىزلاشتى، دۆلەتنىڭ مالىيە كۈچى تولىمۇ تارقاقلىشىپ كەتكەچكە، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەش ئىقتىدارى ئاجىزلاپ قالدى؛ ھازىرقى تۈزۈلمە شارائىتىدا، تەقسىمات مۇناسىۋىتى دېگەندەك ئىزىغا چۈشۈرۈلمىگەچكە، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش ۋە بىرلىككە كەلگەن سوتسىيالىستىك بازارنى شەكىللەندۈرۈشكە دەخلى يەتكۈزمەكتە. شۇڭلاشقا، ھازىرقى مالىيە تۈزۈلمىسى ئۈستىدە ئىمكانقەدەر تېزرەك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئىسلاھاتنىڭ نىشانى باج ئايرىش تۈزۈمى ئاساسىدىكى دەرىجىگە بۆلۈپ باشقۇرۇلىدىغان مالىيە تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت. باج ئايرىش تۈزۈمى ئاساسىدىكى مالىيە تۈزۈلمىسىنى يولغا قويغاندا، بىرىنچىدىن، دۆلەت مالىيىسىنىڭ مۇۋاپىق ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولىدۇ، باج ئايرىش ئارقىلىق مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ كىرىم مەنبەسى مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، ھەر دەرىجىلىك مالىيەلەرنىڭ كىرىمنى كۆپەيتىشتىكى ئاكتىپلىقى ئىشقا سېلىنىدۇ، باج ئېلىش-باج باشقۇرۇش ئىشلىرى كۈچەيتىلىپ، مالىيە كىرىمىنىڭ نېرى-بېرى بولۇپ كېتىش ئەھۋالى ئازايتىلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، مەركەز مالىيىسى كىرىمىنىڭ سالمىقىنى مۇۋاپىق تۈردە ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولىدۇ، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي چىقىم جەھەتتىكى ئېھتىياجى كاپالەتلەندۈرۈلۈپ، مەركەزنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەش ئىقتىدارى كۈچەيتىلىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، مەركەز مالىيىسى بىلەن يەرلىك مالىيىنىڭ تەقسىمات مۇناسىۋىتىنى ئىزىغا چۈشۈرۈشكە پايدىلىق بولىدۇ، ھۆكۈمەتلەر ئارا مالىيە

كۆچى تەقسىماتىدا ساقلانغان قائىدىسىز ئىش كۆرۈش ئەھۋالى تۈگىتىلىپ، ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئادىل بولۇشقا تەڭ ئېتىبار بېرىش پرىنسىپى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، مالىيىنىڭ رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى تەقسىماتنى تەڭشەش جەھەتتىكى رولى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇلىدۇ؛ تۆتىنچىدىن، ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنىڭ يەڭگۈشلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، كارخانىلارنىڭ باراۋەر ئاساستا رىقابەتلىشىشىنى ۋە مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن بازارنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، بايلىق تەقسىماتىنى سەرخىللاشتۇرۇشقا پايدىلىق بولىدۇ.

مەملىكىتىمىزدە باج ئايرىش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئالغا ئىلگىرىلىتىشتە، چەت ئەللەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىش كېرەك، ئەمما ئۇنى قارىغۇلارچە شۇ پېتى كۆچۈرۈپ كېلىشكە بولمايدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، ئەمەلىي ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ، قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلەش، پەيدىنپەي نىشانغا يېتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك، بولۇپمۇ دۆلىتىمىزنىڭ مەركەز مالىيىسى بىلەن يەرلىك مالىيىنىڭ ھەر ئىككىسى بىرقەدەر قىس بولۇۋاتقان ھازىرقى ئەھۋالنى نەزەردە تۇتقاندا، جۇڭگونىڭ ئەھۋالغا ئۇيغۇن كېلىدىغان باج ئايرىش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئىسلاھاتنى لايىقىدا ئېلىپ بېرىشقا، چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىككە دىققەت قىلىش تېخىمۇ زۆرۈر. باج ئايرىش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئالغا ئىلگىرىلىتىشتە، توغرا يېتەكچى ئىدىيە ۋە پرىنسىپلارنى تۇرغۇزۇش لازىم. بىرىنچىدىن، مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ تەقسىمات مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، ھەم يەرلىكنىڭ مەنپەئەتىنى ھېسابقا ئېلىپ، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش، كىرىمنى كۆپەيتىش، چىقىمنى تېجەشتىكى ئاكتىپلىقىنى قوزغاش، ھەم مالىيە كىرىمىنىڭ كۆپەيگەن مىقدارىدىن مۇۋاپىق قىسمىنى مەركەز مالىيىسىگە قوشۇپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش لازىم. ئىككىنچىدىن، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى مالىيە كۆچى تەقسىماتىنى مۇۋاپىق تەڭشەش، ھەم ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ بىر قەدەر تېز راۋاجلىنىش يولىدا داۋاملىق ئىلگىرىلىشىگە ئىمكانىيەت بېرىش، ھەم ئىقتىسادى تەرەققىي تاپمىغان رايونلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا يار-يۆلەك بولۇپ، رايونلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى پەيدىنپەي كىچىكلىتىش لازىم. ئۈچىنچىدىن، سىياسەتنى بىردەك قىلىش بىلەن دەرىجىگە بۆلۈپ باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، باج تۈرلىرىنى ئايرىشتا ھەم مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ كىرىم تەقسىماتىنى كۆزدە تۇتۇش، ھەم باجنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي تەقسىماتتىكى تەڭشەش رولىغا ئەھمىيەت بېرىش، دەرىجىگە بۆلۈپ باج ئېلىش-باج باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. مەركەز بېجى، ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان باج ۋە مۇھىم يەرلىك باج مەركەزنىڭ قانۇن چىقىرىشى بىلەن بەلگىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دۆلەتنىڭ قانۇن، نىزام ۋە ئومۇمىي سىياسىتىگە ئاساسەن، قانۇن بويىچە جايلارغا باجغا دائىر رايون خاراكتېرلىك قانۇن-نىزام ۋە سىياسەتلەرنى تۈزۈش

ھوقۇقى ۋە چىقىمنى تەڭشەش ھوقۇقى بېرىلىشى كېرەك. تۆتىنچىدىن، ئومۇمىي لايىھىنى تۈزۈپ چىقىش بىلەن پەيدىنپەي ئالغا ئىلگىرىلىتىشنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھاتنىڭ نىشانى ۋە ئومۇمىي پىلانىنى ئېنىق بەلگىلەش ئاساسىدا، مۇھىم نۇقتىلارنى تۇتۇپ تۇرۇپ، قەدەم-باسقۇچقا بۆلۈپ يولغا قويۇش، پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈش، يەنى تەدرىجىي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ئىسلاھات ئارقىلىق، ئاۋۋال باج ئايرىش تۈزۈمى ئاساسىدىكى مالىيە تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىي رامكىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

## 2

يېڭى تۈزۈلمە بىلەن كونا تۈزۈلمىنىڭ ئالمىشىش جەريانىدا، بەزى سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ شەرت-شارائىتلارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، قېلىپلاشقان باج ئايرىش تۈزۈمىنى بىر يوللا ۋۇجۇدقا چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس، مالىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى پەيدىنپەي چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھەمدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىي رامكىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ مۇكەممەللەشتۈرۈش شەكلىلا توغرا كېلىدۇ. ھازىرقى بار شەرت-شارائىتلارغا ئاساسەن، باج ئايرىش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ بىرىنچى قەدىمىدە، ئاساسەن، تۆۋەندىكى جەھەتلەردە نەتىجە يارىتىش كېرەك:

بىرىنچى، مالىيە ھوقۇقى بىلەن خىزمەت ھوقۇقىنى ئاساسىي جەھەتتىن بىر-بىرىگە ماسلاشتۇرۇش تەلىپىگە ئاساسەن، باج تۈرلىرى بويىچە مەركەزنىڭ كىرىمى بىلەن يەرلىكنىڭ كىرىمىنى ئايرىش. مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھازىرقى خىزمەت ھوقۇقى تەقسىماتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قارىغاندا، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئاساسىي مەسئۇلىيىتى، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئېنىق بولىدۇ. مۇشۇ ئاساستا، مەركەز مالىيىسى، ئاساسەن، دۆلەت مۇداپىئەسى، دىپلوماتىيە، خەلق ئىگىلىكىدىكى چوڭ-چوڭ قۇرۇلۇشلارنى تەڭشەش، رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ماسلاشتۇرۇش، ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەشنى يولغا قويۇش شۇنىڭدەك مەركەزگە بىۋاسىتە قاراشلىق مەمۇرىي ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ خىراجىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى چىقىملارغا مەسئۇل بولىدۇ؛ يەرلىك مالىيە بولسا ئۆز رايونىدىكى ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان خىراجەتكە ۋە ئۆز رايونىدىكى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنى راۋاجلاندۇرۇشقا كېتىدىغان تۈرلۈك چىقىملارغا مەسئۇل بولىدۇ. باج تۈرلىرى، ئاساسەن، يۇقىرىدا ئېيتىلغان خىزمەت ھوقۇقى ۋە مالىيە چىقىمى دائىرىسىدە، باج تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن باج تۈرلىرىنى تۇرغۇزۇش جەھەتتە بولىدىغان ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا قاراپ ئايرىلىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، دۆلەتنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەشنى يولغا قويۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان باج تۈرلىرى مەركەز بېجى قاتارىغا كىرگۈزۈلۈشى لازىم. ئۇ ئاساسەن مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: تاموژنا بېجى، تاموژنا ۋەكالىتەن ئالىدىغان ئىستېمال بېجى ۋە قوشۇلما قىممەت بېجى، ئىستېمال بېجى، مەركەزگە قاراشلىق كارخانىلاردىن ئېلىنىدىغان تاپاۋەت بېجى، يەرلىك بانكا ۋە تاشقى مەبلەغ بانكىلىرىدىن شۇنىڭدەك بانكا قاتارىغا كىرمەيدىغان پۇل مۇئامىلە كارخانىلىرىدىن ئېلىنىدىغان تاپاۋەت بېجى، تۆمۈريول، دۆلەت بانكىسى ۋە سۇغۇرتا قاتارلىق تارماقلار يىغىپ تاپشۇرىدىغان كىرىملار (جۇملىدىن تىجارەت بېجى، تاپاۋەت بېجى، شەھەر قۇرۇلۇش-ئاسراش بېجى) قاتارلىقلار. يەرلىكنىڭ ئېلىشى ۋە باشقۇرۇشىغا لايىق كېلىدىغان باج تۈرلىرى يەرلىك باج قاتارىغا كىرگۈزۈلىدۇ ھەمدە يەرلىك باج قاتارىغا كىرىدىغان باج تۈرلىرى تولۇقلىنىدۇ. ئۇ ئاساسەن مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: تىجارەت بېجى (دۆلەت بانكىسى، تۆمۈريول، سۇغۇرتا قاتارلىق تارماقلارنىڭ يىغىپ تاپشۇرىدىغان قىسمى بۇنىڭغا كىرمەيدۇ)، يەرلىك كارخانىلاردىن ئېلىنىدىغان تاپاۋەت بېجى، شەخسلەردىن ئېلىنىدىغان تاپاۋەت بېجى، شەھەر-بازار يەرلىرىدىن پايدىلىنىش بېجى، شەھەر ئاسراش-قۇرۇلۇش بېجى، دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق بېجى، ئۆي-زېمىن بېجى، ماشىنا-كېمە ئىشلىتىش بېجى قاتارلىقلار. بۇنىڭدىن باشقا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى ئاساسلىق باج تۈرلىرى ياكى مەركەز بېجى قاتارىغا كىرگۈزۈشكىمۇ، يەرلىك باج قاتارىغا كىرگۈزۈشكىمۇ لايىق كەلمىگەن ئايرىم باج تۈرلىرى مەركەز بىلەن يەرلىك ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان باج قىلىپ بەلگىلىنىدۇ. ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان باج تولىمۇ كۆپ بولۇپ كەتسە بولمايدۇ، بۇ قېتىمقى ئىسلاھاتتا ئۈچ خىل باج بەلگىلەندى، ئۇلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت: قوشۇلما قىممەت بېجى، ئاكسىيە سودا بېجى ۋە بايلىق مەنبەسى بېجى. ئۇنىڭ ئىچىدە، قوشۇلما قىممەت بېجى باج تۈزۈمى ئىسلاھاتىدىن كېيىن ھەممىدىن كۆپ كىرىم كىرىدىغان باج تۈرى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ، مەركەزنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەشنى يولغا قويۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، ئەمما يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا مەدەت بېرىشى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، مەركەز 75 پىرسەنتىدىن، يەرلىك 25 پىرسەنتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان بولدى. ئاكسىيە سودا بېجى يەنى ھازىر ئاكسىيە سودىسىدىن ماركا بېجى شەكلىدە ئېلىنىۋاتقان باج ئاساسەن شاڭخەي، شېنجېن قاتارلىق شەھەرلەرگە مەركەزلىشىدۇ، بۇ باجنىڭ كېلىش مەنبەسى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرى، يەنە كېلىپ باھالىق ئاكسىيە بازارلىرىنى باشقۇرۇش، ئاساسەن، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلىيىتى، شۇڭا، ئاكسىيە سودا بېجىنى شۇ جايلارنىڭ مۇقىم كىرىمى قىلىش مۇۋاپىق بولمايدۇ، ئۇنىڭدىنمۇ مەركەز بىلەن يەرلىك نىسبەت بويىچە بەھرىمەن بولىدىغان بولۇشى لازىم، ھازىر بەلگىلەنگەن نىسبەت مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ ھەرقايسىسى يېرىمىدىن بەھرىمەن بولۇشتىن ئىبارەت بولدى. بايلىق مەنبەسى بېجىنى ئايرىشتا، ئاساسەن، بايلىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەنبەلىرى دۆلەتكە مەنسۇپ بولۇش، دۆلەت ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىش پرىنسىپىنى گەۋدىلەندۈرۈش كۆزدە تۇتۇلغان، ھازىر بايلىق مەنبەلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلارغا مەركەزلەشكەن، بايلىق مەنبەسى مول ئۆلكىلەر، ئومۇمەن، مالىيىسى قىس ئۆلكىلەر بولۇپ تۇرماقتا، شۇڭا قۇرۇقلۇقتىكى بايلىق مەنبەلىرىدىن ئېلىنىدىغان باجلارنىڭ ھەممىسى ھازىرچە جايلارغا قالدۇرۇلدى، دېڭىزدىكى نېفىتتىن ئېلىنىدىغان باج ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئايرىم باج تۈرلىرى مەركەزگە مەنسۇپ بولدى.

ئىككىنچى، مەركەزنىڭ ۋە يەرلىكنىڭ باج ئىشلىرى ئاپپاراتلىرىنى ئايرىم-ئايرىم تەسىس قىلىش ھەمدە ئۇلار ئايرىم-ئايرىم باج ئېلىش. باج تۈرلىرى بويىچە مەركەزنىڭ كىرىمى بىلەن يەرلىكنىڭ كىرىمى ئايرىۋېتىلگەندىن كېيىن، باج ئىشلىرى ئاپپاراتلىرىنىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئايرىۋېتىش، ھەرقايسىسى ئۆزىگە تەۋە باجنىلا ئالىدىغان بولۇش، شۇنىڭ بىلەن مەركەز باج سىستېمىسى بىلەن يەرلىك باج سىستېمىسىنى پەيدىنپەي بەرپا قىلىش كېرەك، بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش بۇ قېتىمقى باج ئايرىش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. باج ئېلىش-باج باشقۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ھەرىكەت مېخانىزمى جەھەتتىن ھەر دەرىجىلىك مالىيەلەرنىڭ باج كىرىمىنى ئۆز ۋاقتىدا ۋە تولۇق ئېلىۋېلىشىغا كاپالەتلىك قىلغاندىلا، باج ئايرىش تۈزۈمى ئاندىن كىرىمنىڭ نېرى-بېرى بولۇپ كېتىشىنى ئازايتىش، مەركەز بىلەن يەرلىك مالىيە كىرىمىنىڭ مۇقىم ئېشىپ تۇرۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەھەتتە ئىجابىي رولىنى ئوينىيالايدۇ. غەربتىكى بازار ئىگىلىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەر ئۆزىنىڭ كۆپ يىللاردىكى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، باج ئېلىش-باج باشقۇرۇش ئاپپاراتىنى دۆلەت باج ئىدارىسى بىلەن يەرلىك باج ئىدارىسى دەپ ئىككى يۈرۈش قىلىپ ئايرىم-ئايرىم بەرپا قىلىش چارىسىنى قوللاندى، بۇنى ئەينەك قىلساق بولىدۇ. مەركەزنىڭ ۋە يەرلىكنىڭ دەپ ئىككى يۈرۈش باج ئىشلىرى ئاپپاراتلىرى ئايرىم-ئايرىم بەرپا قىلىنغان ۋە ئۇلار ئايرىم-ئايرىم باج ئالغاندىلا، ئاندىن باج ئايرىش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا، ھەر دەرىجىلىك مالىيە كىرىمىنىڭ مۇقىم ئېشىپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، مەركەز زۆرۈر مالىيە كۈچىنى ئۆز قولىغا مەركەزلەشتۈرۈۋېلىشى لازىم. بازار ئىگىلىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ باج ئايرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتىكى ئومۇمىي ئەھۋالىغا قارىغاندا، مەركىزىي ھۆكۈمەت ياكى فېدېراتىپ ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاستە يىغىۋالىدىغان مالىيە كىرىمى پۈتۈن مەملىكەت مالىيە كىرىمىنىڭ 60 پىرسەنتتىن ئارتۇقىنى ئىگىلەيدۇ، مەركەزنىڭ مالىيە چىقىمى ئومۇمەن 40 پىرسەنتچىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئاندىن قالسا مەركەز تۈرلۈك يۆتكەش-تۆلەش چارىلىرى ئارقىلىق بىر قىسىم كىرىمنى يەرلىك ھۆكۈمەتلەرگە ئاجرىتىپ بېرىپ، يەرلىكنىڭ مالىيە چىقىمىغا ئىشلىتىدۇ. دەرۋەقە، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ياكى فېدېراتىپ ھۆكۈمىتىنىڭ مەركەزلەشتۈرۈۋالىدىغان مالىيە كىرىمى ئەھۋالىمۇ

دېگەندەك ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، خەلقئارا پۇل فوند تەشكىلاتىنىڭ ستاتىستىكىلىق ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، ئالدىنقى ئىككى يىلدا ئامېرىكىنىڭ 58.5%، ئىلگىرىكى فېدېراتىپ گېرمانىيىنىڭ 64.4%، ئاۋستىرالىيىنىڭ 71.6%، ئەنگلىيىنىڭ 85%، فرانسىيىنىڭ 88% بولغان. مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ مەملىكەت مالىيە كىرىمىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز قولىغا ئېلىشىنى ئۇنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيىتى بەلگىلىگەن. مەركىزىي ھۆكۈمەت دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە پۇلنى مۇقىملاشتۇرۇش، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى باي-كەمبەغەللىك پەرقىنى كىچىكلىتىش، مەملىكەت خاراكتېرلىك ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە نۇقتىلىق قۇرۇلۇشقا يار-يۆلەك بولۇش ۋەزىپىلىرىنىمۇ ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. بۇ ۋەزىپىلەر ئوبيېكتىپ جەھەتتە مەركەز مالىيىسىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مالىيە كۈچىنى ئۆز قولىغا ئېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە، ئىقتىسادنىڭ مۇقىم راۋاجلىنىشىغا ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەبەدىي ئامان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، مەركەز مالىيىسىنىڭ كىرىمىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز قولىغا مەركەزلەشتۈرۈۋېلىشى ھەمدە يەرلىككە قارىتا يۆتكەش-تۆلەش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشى ھەم ئىقتىسادىي ۋاستە، ھەم سىياسىي ئېھتىياج.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان مەملىكىتىمىزدە مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ مالىيە كۈچىدە بولغان ئۆزگىرىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، 1981-يىلى مەركەزنىڭ مالىيە كىرىمى تەخمىنەن مەملىكەت مالىيە كىرىمىنىڭ 57 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان، 1992-يىلى 38.6 پىرسەنتكە چۈشۈپ قالغان، 11 يىل ئىچىدە 20% تۆۋەنلەپ كەتكەن. ھازىرقى تۈزۈلمە شارائىتىدا، يەرلىك مالىيە كىرىمىنىڭ كۆپەيگەن مىقدارى تەقسىماتىدا، مەركەز ئاز قىسمىنى، يەرلىك كۆپ قىسمىنى ئېلىۋاتىدۇ. يەرلىكنىڭ مالىيە كىرىمى يىلىغا 20-30 مىليارد يۈەن كۆپىيىپ تۇرغان يەردە، مەركەز مالىيىسىگە تاپشۇرىدىغان كىرىم يىلىغا 2 مىليارد يۈەندىن ئارتۇقلا كۆپىيىپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەركەزنىڭ ئۆزى كىرىم قىلىدىغان كىرىمىنىڭ كۆپىيىشى ئاستا بولغاچقا، مەركەز مالىيىسى بارغانسېرى قىسىلىپ، قەرز كىرىمىگە يۆلىنىپ كۈن ئۆتكۈزۈش ئەھۋالى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ بارماقتا. مەركەز مالىيىسىدە كۆرۈلگەن قىزىل رەقەم 80-يىللارنىڭ باشلىرىدىكى 1 مىليارد نەچچە يۈز مىليون يۈەندىن كۆپىيىپ ھازىر 20 مىليارد نەچچە يۈز مىليون يۈەنگە يەتكەن، بۇ ھال مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى ئېغىر دەرىجىدە چەكلەپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە ئىسلاھاتنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشىغا يامان تەسىر كۆرسەتتى. بۇنداق ئەھۋال يەنە داۋاملىشىۋەرسە زادىلا بولمايدۇ.

باج ئايرىش تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، مەركەز ئىگەللەپ تۇرغان مەركەز بېجى كىرىمى بىلەن ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان باجدىن مەركەزگە ئايرىپ بېرىلىدىغان كىرىم قوشۇلۇپ،

1992-يىلىدىكى سان بويىچە ھېسابلىغاندا، تەخمىنەن مەملىكەت مالىيە كىرىمىنىڭ 57 پىرسەنتتىگە يېتىدىغان-دەك تۇرىدۇ، ئىجرا قىلىنىش ئارقىسىدا بۇ نىسبەت سەل يۇقىرىراق بولۇشىمۇ، سەل تۆۋەنرەك بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەركەزگە مەركەزلىشىش دەرىجىسى ئۆسكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ، مەركەزنىڭ ئۆزى چىقىم قىلىدىغان چىقىمىنىڭ مۇناسىپ ھالدا كۆپىيىپ كېتىدىغانلىقىدىن، مەركەز مالىيىسىدىكى نەچچە ئون مىليارد يۈەنگە يەتكەن قىزىل رەقەمنىڭ يوقىتا چىقىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇ قېتىمقى باج ئايرىش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم بىر پرىنسىپى مەركەز مالىيىسىنىڭ ئۆز ئۈستىدىكى يۈكنى يەرلىككە ئارتىۋالماسلىقتىن ئىبارەت. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، مەركەز يەرلىك مالىيىنىڭ 1993-يىلى قولغا كەلگەن مالىيە كۈچىنى ساقلاپ قېلىشىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. مەركەز شۇنى قارار قىلدىكى، بۇ قېتىمقى باج ئايرىش تۈزۈمى ئىسلاھاتىدا 1993-يىلنى ئاساسىي يىل قىلىپ تۇرۇپ ھېساب-كىتاب قىلىنىدۇ، ئىستېمال بېجىدىن يۇقىرىغا ئايرىپ بېرىلىدىغان كىرىم ۋە قوشۇلما قىممەت بېجىدىن نىسبەت بويىچە مەركەزگە ئايرىپ بېرىلىدىغان كىرىم ھېسابلىنىپ بولغاندىن كېيىن، بەزى تەكرار ھېسابلانغانلىق ئامىللىرى ۋە باج ئايرىلغاندىن كېيىن، مەركەز-دىن يەرلىككە ئايرىپ بېرىلىدىغان كىرىم چىقىرىۋېتىلىپ، قالغىنى 1993-يىلى مەركەزگە ئايرىپ بېرىلىدىغان ساپ كىرىم بولىدۇ. بۇ كىرىم باجنى قايتۇرۇش يولى بىلەن شۇ يىلىلا پۈتۈنلەي يەرلىككە قايتۇرۇلىدۇ. دېمەك، ئاساسىي يىلدا باج ئايرىش تۈزۈمىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ھېساب-كىتاب قىلىشقا ئۆزگەرتىلىدۇ، مەركەز مالىيىسىنىڭ كىرىمنى ئۆز قولىغا مەركەزلەشتۈرۈۋېلىش دەرىجىسى تەخمىنەن 57 پىرسەنتكە يەتكەن بولىدۇ، باجنى قايتۇرۇش ئارقىلىق كىرىمنىڭ 20 پىرسەنتچىسى يەنە يەرلىككە قايتۇرۇلىدۇ، ئەمەلىيەتتە مەركەز مالىيىسى خەجلىيەلەيدىغان پۇل يەنىلا ئەسلىدىكى 38% بولىدۇ. قايتۇرۇلغان بۇ قىسىم باجنى قايسى ئىشلارغا ئىشلىتىشنى مەركەز بەلگىلىمەيدۇ، ئۇنى يەرلىك ھۆكۈمەت بىر تۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ. تۈرلۈك شەرت-شارائىتلارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، جامائەت مالىيىسى نەزەرىيىسى بويىچە ئورنىتىلىدى-غان، بىر قەدەر ئىلمىي ۋە قېلىپلاشقان يۆتكەش-تۆلەش تۈزۈمىنى باج ئايرىش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ دەسلىپىدە دەرھاللا ئورناتقىلى بولمايدۇ، لېكىن ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ بۇ تۈزۈممۇ پەيدىن-پەي ئالغا ئىلگىرىلىتىلىدۇ.

باج ئايرىش تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئەمدى يولغا قويۇلغاندا مەركەز ئارتۇق مەركەزلەشتۈرۈۋالىدىغان كىرىم پۈتۈنلەي يەرلىككە قايتۇرۇلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن كېيىن مالىيە كىرىمىنىڭ كۆپەيگەن مىقدارىنى تەقسىم قىلغاندا، مەركەز مالىيىسىنىڭ تەقسىم قىلىۋالىدىغىنى ھازىرقى تۈزۈلمە شارائىتىدىكىدىن كۆپرەك بولىدۇ، يەنى مەركەز مالىيىسى، ئومۇمەن، قوشۇلما قىممەت بېجىنىڭ ھەر يىلى كۆپەيگەن مىقدارىنىڭ بىرىمىدىن كۆپرەكنى ئالالايدۇ. ھەر يىلى ئاز-ئازدىن ئالسا، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، خېلى چوڭ ئۈنۈم ھاسىل بولىدۇ، بۇنداق قىلىش مەركەزنىڭ مالىيە ئەھۋالىنى پەيدىنپەي ياخشىلاشقا پايدا يەتكۈزۈش بىلەن

بىرگە، يەرلىك مالىيىنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ چوڭ تەسىر يەتكۈزمەيدۇ.

## 3

بۇ قېتىمقى باج ئايرىش تۈزۈمى ئىسلاھاتى دۆلىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى رېئال ئەھۋالىنى ئاساس قىلغان. ئىسلاھات لايىھىسىنى تۈزۈشتە بەزى سىياسەت خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىدىن قارىغاندا، بۇ قېتىمقى باج ئايرىش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە ئاساسىي ئالاھىدىلىكى بار:

بىرىنچى، بۇ قېتىمقى ئىسلاھاتتا تەدرىجىي ئىلگىرىلەش يولى تۇتۇلغان، كونا تۈزۈلمىنىڭ تەقسىمات ئۇسۇلى ئۆزگەرتىلمەي، داۋاملىق قوللىنىلىدۇ. يەنى، ئەسلىدە يۇقىرىغا كىرىم تاپشۇرىدىغان رايون قىلىپ بەلگىلەنگەن رايونلار، مەسلەن نىسبىتى ئېشىپ بارىدىغان ھۆددىگەرلىكنى يولغا قويغان رايونلار، يەنىلا ئەسلىدىكى بەلگىلەنگەن ئېشىپ بېرىش نىسبىتى بويىچە يۇقىرىغا كىرىم تاپشۇرىدۇ، بۇ رايونلار باج ئايرىش تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەنلا يۇقىرىغا كىرىم تاپشۇرىدىغان ئۆلكىلەر قاتارىدىن ئىقتىسادىي ياردەم ئالىدىغان ئۆلكىلەر قاتارىغا ئۆتمەيدۇ، يۇقۇرىغا كىرىم تاپشۇرىدىغان رايون بولۇپ قېلىۋېرىدۇ؛ ئەسلىدىكى ئىقتىسادىي ياردەم ئالىدىغان رايونلارغا يەنىلا ئەسلىدىكى سان بويىچە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىلىدۇ. كونا تۈزۈلمىنىڭ تەقسىمات ئۇسۇلىدا بەزى تەكشى بولمىغان، ئانچە مۇۋاپىق بولمىغان تەرەپلەر مەۋجۇت بولغان تەقدىردىمۇ، بۇدا ئۇلارغا تەگمەي، كېيىن ئاستا-ئاستا تەڭشەشكە قالدۇرۇلىدۇ، نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە باج ئايرىش تۈزۈمىنىڭ رامكىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت.

ئىككىنچى، مەركەز مالىسى كىرىمىنىڭ كۆپىيىشى چەكلىك بولىدۇ، كىرىمىنىڭ كۆپىيىشى لايىقىدا بولغاچقا، يەرلىك كۆتۈرەلەيدۇ. بۇ قېتىمقى ئىسلاھاتتا، مەركەز بۇنىڭدىن كېيىنكى يۇقىرىغا ئايرىپ بېرىلگەن كىرىمىنىڭ كۆپەيگەن مىقدارىنىڭ بىر قىسمىغىلا ئىگە بولالايدۇ، يەنە بىر قىسمىنى ئالدىنقى يىلدىكى ئاساسىي سان بىلەن قوشۇپ، باج قايتۇرۇش يولى بىلەن يەرلىككە قايتۇرىدۇ. شۇڭا، يەرلىك ھۆكۈمەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مالىيە كىرىمى ھەممە تۈرلەر بويىچە ئۆسۈپ بارىدۇ. بىرىنچىسى يەرلىك باج كىرىمى، بۇ، پۈتۈنلەي يەرلىك ھۆكۈمەتكە مەنسۇپ بولىدىغان ھەمدە يەرلىك باج ئىدارىسى مەسئۇل بولۇپ ئالىدىغان باج كىرىمى، بۇ قىسىم باج كىرىمى، مەيلى تېز كۆپەيگەن بولسۇن ياكى ئاستا كۆپەيگەن بولسۇن، ھەممىسى يەرلىكنىڭ بولىدۇ؛ ئىككىنچىسى ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان باج كىرىمى، مەسلەن قوشۇلما قىممەت بېجىدىن نىسبەت بويىچە يەرلىككە ئايرىپ بېرىلىدىغان قىسمى، بۇ قىسمىنىڭ يىلمۇ يىل مۇقىم ئېشىپ بارىدىغانلىقىدا گەپ بولمىسا كېرەك؛ ئۈچىنچىسى مەركەزدىن قايتۇرۇلىدىغان كىرىم،

يەنى يۇقىرىغا ئايرىپ بېرىلىدىغان قوشۇلما قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجىنىڭ ئاساسىي سانى پۈتۈنلەي يەرلىككە قايتۇرۇلىدۇ، يەنە كېلىپ مەملىكەت بويىچە قوشۇلما قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجىنىڭ ئۆسۈشكە ئەگىشىپ، قايتۇرۇلىدىغان كىرىم يەنە مەلۇم ئېففېكتىپىنت بويىچە يىلمۇيىل ئېشىپ بارىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئىقتىسادىي ياردەم قوبۇل قىلىدىغان رايونلار ئەسلى تۈزۈلمە بويىچە بەھرىمەن بولۇپ كەلگەن مۇقىم مىقداردىكى ئىقتىسادىي ياردەم كىرىمى ئاۋالقىدەكلا داۋاملىق بېرىلىدۇ. ئەلۋەتتە، جايلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، باج قايتۇرۇش يولى بىلەن قايتۇرۇلىدىغان كىرىمنىڭ كۆپىيىشىنىڭ بىر ئاساسىي ئالدىنقى شەرتى بار، ئۇ بولسىمۇ، شۇ جاينىڭ 1994-يىلدىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردىكى قوشۇلما قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجى يىلمۇيىل ئېشىپ بارىدىغان بولۇش شەرت. باج قايتۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قولغا ئېلىش، قولغا ئالغاندىلا، ئاندىن قايتۇرۇشتىن نەپ ئالالايدۇ؛ كىرىم كۆپەيگەندىلا، قايتۇرۇلىدىغان كىرىممۇ ئاشالايدۇ. ئەگەر ئىشلەپچىقىرىشمۇ، سېتىش مىقدارىمۇ كۆپەيگەن، ئەمما قوشۇلما قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجى ئاشمايلا قالماستىن ئەكسىچە ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئازىيىپ كەتكەن بولسا، يەنە كېلىپ يۇقىرىغا ئايرىپ بېرىلىدىغان ئاساسىي سانغىمۇ يەتمىگەن بولسا، ئۇ ھالدا، بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە ئەستايىدىل تەھلىل يۈرگۈزۈش ھەمدە ئۇنى مۇۋاپىق ھالدا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئومۇمىي پرىنسىپ مۇنداق: يۇقىرىغا ئايرىپ بېرىلگەن كىرىم قىسمى كۆپەيگەن بولسا قايتۇرۇش، كۆپ كۆپەيگەن بولسا كۆپ قايتۇرۇش، ئاز كۆپەيگەن بولسا ئاز قايتۇرۇش.

ئۈچىنچى، بۇ قېتىمقى ئىسلاھاتتا ئىككى تەرەپنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش روھى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ئەسلى تۈزۈلمىنىڭ تەقسىمات ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتمەسلىك ۋە تىرىشىپ يېڭى تۈزۈلمىنى پەيدىنپەي قېلىپلاشتۇرۇش شەرتى ئاستىدا، مەركەز كۆپ ئېلىش بىلەن بىرگە، يەرلىكنىڭ مەنپەئىتىگىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئېتىبار بېرىلگەن. ئادەتتىكى ئەھۋاللاردا، يېڭى مالىيە تۈزۈلمىسىنى لايىھىلىگەندە، ئومۇمەن، ئالدىنقى يىل ئاساسىي يىل قىلىنىدۇ، چۈنكى، ئالدىنقى يىلنىڭ سانى ھېساب بوغۇلغان سان بولۇپ، ئۇنى ھەممەيلەن ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇدا يېڭى تۈزۈلمىنىڭ لايىھىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ بەلگىلىگەن چاغدا، جايلارنىڭ 1993-يىلدىكى مالىيە كىرىمىنىڭ تېز ئاشقانلىقىدىن ئىبارەت ئەمەلىي ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، جايلارنىڭ مەنپەئىتىگە چوڭ تەسىر يەتمىسۇن ئۈچۈن، 1993-يىل ئاساسىي يىل قىلىپ بەلگىلەندى، شۇنىڭ بىلەن جايلارنىڭ قولغا كەلگەن مالىيە كۈچىنى ساقلاپ قېلىشقا كاپالەتلىك قىلىندى. بۇ، يەرلىك مالىيىگە نىسبەتەن ئىنتايىن پايدىلىق سىياسەت ھېسابلىنىدۇ. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، 1993-يىلنى ئاساسىي يىل قىلىپ بەلگىلەش جايلارنىڭ مەنپەئىتىگە ئېتىبار بېرىش، باج ئايرىش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بولىدىكى زور سىياسەت تەدبىرى بولۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئاكتىپلىقىنى تېخىمۇ ياخشى قوزغاشقا پايدا يەتكۈزىدۇ. بۇنى ھەرقايسى جايلار توغرا چۈشىنىپ، ئومۇمىيلىق كۆزقارىشىنى تۇرغۇزۇپ، بۇ سىياسەتنى

ئەستايىدىل ئوبدان ئىجرا قىلىشى لازىم. ئەگەر قىسمەن مەنپەئەتنى كۆزدە تۇتۇپ، قولغا كەلگەن مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرۇش غەرىزى بىلەن، ناتوغرا ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، 1993-يىلدىكى كىرىمنىڭ ئاساسىي سانىنى ئۆز خاھىشى بويىچە چوڭايتىۋالىدىغان بولسا، مەركەزنىڭ مەنپەئەتىگە تەسىر يەتكۈزۈش بىلەنلا قالماي، جايلارغا، كارخانىلارغىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ. بولۇپمۇ "كېلەر يىلنىڭ ئۇزۇقىنى بۇ يىل يەپ بولۇش"، باجنى بالدۇر ئېلىۋېلىش قاتارلىق قىلىقلار مالىيە-باج ئىنتىزامىغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغانلىق بولۇپ، ئۇنى قەتئىي توسۇش ۋە تۈزىتىش كېرەك.

تۆتىنچى، قايتۇرۇلىدىغان باجنىڭ ئېشىپ بېرىش نىسبىتى مەملىكەت بويىچە قوشۇلما قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن باغلانغان. يېڭى تۈزۈلمە بويىچە بولغاندا، مەركەزنىڭ جايلارغا باج قايتۇرۇشى ھازىرچە تېخى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئۆزىدىكى قوشۇلما قىممەت بېجىنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى بىلەن باغلانماي، بەلكى مەملىكەت بويىچە قوشۇلما قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجىنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى بىلەن باغلانغان بولىدۇ، بۇنىڭدا، ئاساسەن، رايونلار ئوتتۇرىسىدا مالىيە كۈچىنى تەكشۈرلەشتۈرۈش، ئىككى خىل باج تېز كۆپەيگەن رايونلارنى بىرئاز تۆھپە قوشىدىغان قىلىش كۆزدە تۇتۇلدى. بۇنداق قىلىش رايونلارنىڭ مالىيە كۈچى جەھەتتىكى پەرقىنى كىچىكلىتىشكە پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەزى رايونلار مالىيە كىرىمىنىڭ ئالاھىدە ئامىللارنىڭ تەسىرى بىلەن بىردىنلا جىق تۆۋەنلەپ كېتىش ئەھۋالىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىشقىمۇ پايدىلىق بولىدۇ.

بەشىنچى، باج كېمەيتىش، باج كەچۈرۈم قىلىشلارنىڭ بىر قىسمى ئېتراپ قىلىنىپ، جايلار ۋە كارخانىلار يېڭى تۈزۈلمىگە ئۆتۈش ئۇچۇن ئۆتكۈنچى دەۋرگە ئىگە بولغان. يېقىنقى يىللاردا بىرمۇنچە جايلار چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنى جانلاندۇرۇش داۋامىدا، كارخانىلارغا نىسبەتەن باج كېمەيتىش، باج كەچۈرۈم قىلىش ئۇسۇلىنى يولغا قويغانىدى. قوشۇلما قىممەت بېجى ئاساسىي باج تۈرى قىلىنغان ئوبوروت بېجى تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، باجنى داۋاملىق كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش ئاقمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، قوشۇلما قىممەت بېجىنىڭ مۇنداق بىر ئالاھىدىلىكى باركى، ئۇنىڭدا باج سوممىسى تالونغا يېزىپ قويۇلىدۇ، باج تۇتۇپ قېلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، بىر ھالقىدىن يەنە بىر ھالقا باج تۇتۇپ قالىدۇ، ئالدىنقى بىر ھالقىنىڭ بېجى كەچۈرۈم قىلىنسا، كېيىنكى ھالقا ئۇنىڭ بېجىنى ئۆزى تاپشۇرىدىغان بولىدۇ، باج ئېلىش ئىشىنى مۇشۇ يول بىلەن ئىزىغا چۈشۈرۈشمۇ بۇ قېتىمقى مالىيە-باج تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ مەقسەتلىرىدىن بىرى. ھازىرقى مەسىلە شۇ يەردىكى، ئۆتكەنكى بىر مەزگىللەردە بەزى كارخانىلارنىڭ بېجىنىڭ كېمەيتىلىشى ۋە كەچۈرۈم قىلىنىشى ھەرقايسى جايلاردىكى ئۆلكە دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەنىدى، يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە كارخانىلارنى ئۆتكۈنچى دەۋرگە ئىگە قىلىش ئۇچۇن، باج كېمەيتىش، باج كەچۈرۈم قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش بىلەن بىرگە، باج كېمەيتىش،

باج كەچۈرۈم قىلىشلارنىڭ بىر قىسمى ئىبتىراپ قىلىنىدۇ. مەركەز 1993-يىلى باج كېمەيتىش، باج كەچۈرۈم قىلىشنى بىردەك توختىتىپ تۇرۇش توغرىسىدىكى قارارنى چىقىرىشتىن بۇرۇن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەسمىي ھۆججىتى بىلەن تەستىقلانغان باج كېمەيتىش، باج كەچۈرۈم قىلىش تۈرلىرى مالىيە مىنىستىرلىكى بىلەن دۆلەت باش باج ئىدارىسىنىڭ قايتا تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، 1994-يىلدىن باشلاپ، تەستىقلانغان مەزگىلدە ئاۋۋال ئېلىۋېلىپ ئاندىن قايتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، بۇنىڭ مۇددىتى 1995-يىلغىچە بولىدۇ. دېمەك، بۇ ئىبتىبار بېرىش سىياسىتى 1996-يىلغا بارغاندا پۈتۈنلەي ئىجرا قىلىشتىن توختىتىلىدۇ.

قىسقىسى، بۇ قېتىمقى باج ئايرىش تۈزۈمى نىشان قىلىنغان مالىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، 1994-يىلدا بىرىنچى قەدىمىنى تاشلايدۇ. گەرچە بۇ قەدەم مەلۇم دەرىجىدە يېڭى تۈزۈلمە بىلەن كونا تۈزۈلمىنىڭ گىرەلەشكەن بولۇش ۋە بىرىدىن بىرىگە ئۆتۈش خاراكتېرىنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن، قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىي رامكىسىنى بەرپا قىلىش يولىدا كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پۈتكۈل ئىسلاھاتنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، مەركەز بىلەن جايلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق، جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان باج ئايرىش تۈزۈمى ئاساسىدىكى مالىيە تۈزۈمى جەزمەن تېخىمۇ ساغلاملىشىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ.

(ئاپتور مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى)

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئەركىنجان**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئايشەم تاۋار**

# قىزغىن مۇلازىمىتىمىز بىلەن سىزنى غەمدىن خالاس قىلىمىز

شىنجاڭدىكى كەڭ كىتابخانىلارنىڭ بىزدىن چىقىدىغان ئۇيغۇرچە كىتابلارنى نەشرىياتىمىزدىن بىۋاستە سېتىۋېلىشىغا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، نەشرىياتىمىز جايلاردىكى شەخس ۋە كوللېكتىپ كىتاب سېتىۋالغۇچىلارغا پوچتا ئارقىلىق كىتاب سېتىش كەسپىنى يولغا قويدى. ھەرساھە كىتابخانىلىرىنىڭ نەشرىياتىمىزدىن بىۋاستە كىتاب سېتىۋېلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

كىتاب سېتىۋالغۇچىلار كىتابنىڭ باھاسى بويىچە يەنە 10% پوچتا ھەققى قوشۇپ ئەۋەتسە بولىدۇ. پۇلنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، كىتابنى ۋە كىتابنىڭ ھۆججىتىنى دەرھال ئەۋەتىپ بېرىمىز.

كىتاب سېتىۋالغۇچىلار كېرەكلىك كىتابنىڭ كىتابنىڭ ئىسمى، سانى، ئۆزى تۇرۇشلۇق جاينىڭ پوچتا نومۇرى، تەپسىلى ئادرېسى ۋە ئۆزىنىڭ ئىسىم فامىلىسىنى تولۇق ئەسكەرتىپ قويۇشى كېرەك. پۇل ئەۋەتكەندە، تېلېگرامما ئارقىلىق پېرېۋوت قىلماي، پوچتا ئارقىلىق ياكى بانكا ئارقىلىق پېرېۋوت قىلىشى لازىم.


نەشرىياتىمىزنىڭ ئادرېسى مۇنداق: 北京和平里北街14号 民族出版社维文室

ھېساب ئاچقان بانكا: 工商银行北京和平里分理处
帐号：046002—25

مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

《求是文选》（维吾尔文版）国外代号：M5——V 国内统一刊号：CN11——2498
邮发代号：2—373 定价：0.95元 邮政编码：100013